شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىغىنىڭ
30 يىللىغىنى تەبرىكلەيمىز

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学

4—85





ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان بىرلەشمە خىزمەت بىناسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى.

# مۇندەرىجە

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلانغان ماقالىلار


پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ...................... ۋاڭ ئېنماۋ 1

شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقاندەك ئالغا باسماقتا ......... جانابىل 19

ئۆز ئارا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئېتىۋار بېرىپ، ئورتاق گۈللىنىپ، تەڭ ئىلگىرىلەيلى ................................. بادەي 35

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى بىلىق بىلەن سۇدەك يېقىنلىق ......... چېن شى 50

شىنجاڭنىڭ خەلق ئېگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ................................. ۋۇ چېڭ 58

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خادىملىرىدىن تەركىپ تاپقان يەن تەتقىقات قوشۇنى پارتىيىمىز تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە ................ گۇ باۋ [illegible]1

شىنجاڭنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بەزى ئويلىرىم ................................. دۇڭ فۇرېن 102


## ئىسلاھات توغرىسىدا


باھانى چوقۇم ياخشى ئىسلاھ قىلىش كېرەك ..................... لى جيەنجۇ 107


## شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش


شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئىستىراتېگىيىلىك مەسىلىلەر ................................. بەي پىڭجۇ، ياڭ فېڭچياۋ 115

## تارىخ تەتقىقاتى


ۋاڭ يەندې ۋە «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ..................... گۇجەنچېن 128


## ئەدەبىيات تەتقىقاتى


«دىۋان مەشھۇرى» توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات ........ مەمتىمىن يۈسۈپ 145


## ژورنال خىزمىتى يىغىنىغا دائىر


ئىجتىمائىي پەنلەر ژورنىلىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى —
— 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژورناللىرى خىزمىتىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........................... جانابىل 180

2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژورناللىرى خىزمىتىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى ........................................ 188

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
30 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلانغان ماقالىلار

# پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى

ۋاڭ ئېنماۋ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە 30 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 30 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىل — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە باتۇرانە ئىلگىرىلىگەن 30 يىل، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن 30 يىل، شىنجاڭدا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز - بەرگەن 30 يىلدۇر.

30 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى شىنجاڭدا ئومۇمىي يۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن، يەرلىك خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى، پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇپ چىقىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. زور تۈركۈمدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى يېتىشتۈرۈلدى، دېموكراتىك ئىسلاھات ئورۇنلاندى، 1953 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى بويىچە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار، يەنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 6 مىللىي ئاپتونوم ناھىيە، 5 مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلدى. مۇشۇ ئاساستا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى

تولۇق يۈرگۈزدى. مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە قوزغىدى.

30 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا: ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 22 مىليارت 219 مىليون يۈەنگە، يېڭى قوشۇلغان مۇقىم مۈلۈك 15 مىليارت 152 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليارت 516 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 6 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارت 537 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 6.36 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 13.65 ھەسسە ئاشتى؛

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارت 972 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 14.56 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 64.82 ھەسسە ئاشتى؛

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارت 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955- يىلدىكىدىن 3.35 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 6.24 ھەسسە ئاشتى؛

ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 مىليارت 901 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 2.37 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 4.84 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇننى ئىگەللىدى؛

پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون 846 مىڭ 200 دەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 6.65 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 36.93 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پاختا مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇننى ئىگەللىدى؛

چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 30 مىليون 255 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 1955 يىلدىكىدىن 0.84 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 1.91 ھەسسە ئاشتى؛

تاشقى سودا بويىچە ئىمپورت ۋە ئېكسپورتنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 236 مىليون 874 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 3.7 ھەسسە ئاشتى؛

مالىيە كىرىمى 722 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 3.17 ھەسسە، 1950- يىلدىكىدىن 31.8 ھەسسە ئاشتى.

بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونىمىزدا 4 مىڭدىن ئارتۇق تۈرلۈك سانائەت

كارخانىسى بولۇپ، مەھسۇلاتى 2 مىڭ خىلدىن ئاشتى. دىمەك، تۆمۈر - پولات، كۆمۈر، نېفىت، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى، ماشىنىسازلىق، خىمىيە، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، شېكەر، قەغەز، خۇرۇم، ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى.

ئىقتىساتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 13 ئالىي مەكتەپ، 2 مىڭ 325 ھەر خىل ئوتتۇرا مەكتەپ، 8 مىڭ 253 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمى سانى 2 مىليون 956 مىڭ نەپەرگە يەتتى. سەھىيە ئاپاراتلىرى 1984 - يىلى 1955 - يىلدىكىدىن 7.65 ھەسسە، كېسەل كارۋىتى 9.47 ھەسسە، سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 9.49 ھەسسە ئاشتى؛ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. تەبىئى پەنلەر بويىچە پەن - تېخنىكا خادىملىرى 161 مىڭ نەپەرگە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك پەن تەتقىقات ئورۇن (ئىنىستىتۇت) ۋە ئىشخانىلىرى 1984 - يىلى 162 گە يەتتى. بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان پەن تەتقىقات خادىملىرى 6 مىڭ نەپەردىن ئاشىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائى تاۋارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمى سوممىسى 5 مىليارت 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 7.1 ھەسسە ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دىخان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 1984 - يىلى 363 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن بىر تاتلىنىپ ئاشتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئىش ھەققى 1984 - يىلى 1 مىڭ 100 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. شەھەر - يېزىلارنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان ئومۇمى سوممىسى 1984 - يىلى 2 مىليارت 810 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 39.5 ھەسسە ئاشتى. ئولتۇراق ئۆي شارائىتى ۋە جامائەت ئەسلىھەلىرى ئىلگىرىلەپ ياخشىلاندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىل مابەينىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ پارلاق نەتىجىلەر — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇغى ھەمدە زور كۈچ بىلەن قوللاپ يار - يۆلەكتە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا، شىنجاڭدىكى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە.

30 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ تۈپكى تەجرىبە نەزىرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. پۈتۈن مەملىكەتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ، جۇڭگوچە تۈسكە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش كېرەك. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا، شىنجاڭنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشايدىغان ئومۇمىي تەرىپىنىمۇ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە تەرىپىنىمۇ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىش كېرەك. مانا بۇ — 30 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تۈپ تەجرىبىمىز.

## شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز شەرت

شىنجاڭ — ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، شۇنداقلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. شىنجاڭ دائىرىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، داغۇر، رۇس، تاتار قاتارلىق قىرىق نەچچە مىللەت بار. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 59.7% ىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ — شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. 30 يىللىق، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق تەجرىبە شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىغاندىلا، ئاندىن ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان تېنچ سىياسىي ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى، قۇرۇلۇش ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئەتى. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ؛ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغانلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

ئۇرتاق تۈپ مەنپەئەتىنى بۇزغانلىق بولىدۇ.

1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى. كېيىن دېموكراتىك ئىسلاھات
ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىنىپىي
زۇلۇم يوقىتىلدى، جۈملىدىن مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىمۇ يوقىتىلىپ، مىللەتـ
لەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
بىز زور كۆلەملىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتتۇق. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسات ۋە
مەدەنىيەت ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى
ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ،
ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، مىللەتـ
لەر مۇناسىۋىتى تۈپتىن ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولدى. 30 يىلدىن بۇيان، مىللىي مەسىلىـ
دە گەرچە «سول» چىللىق خاتالىقىنىڭ كاشىلىسىغا، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا
لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىـ
غان بولساقمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولـ
غاچقا، ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتەلىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغـ
رىسىدا بەرگەن يوليورۇقلىرىغا بىنائەن، 30 يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتتە ھاسىل
قىلغان ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ مىللىي
سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى چىڭ تۇتتۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى
كۈچەيتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت
يارىتىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ياخشى ۋەزىـ
يەت بارلىققا كەلدى. بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىمىز ئاساسلىقى مۇنۇلار:

1. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ماركسىزملىق مىللەت نەزىرىيىسى
بىلەن تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇش.
ماركسىزملىق مىللەت قارىشى — بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى كۆزىتىش ۋە بىر ياقلىق
قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىمىز، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسەتنى بەلگىلەشتىكى نەزىـ
رىيىۋى ئاساسى. بىز بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەتتىن بولغان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرـ
لار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ماركـ
سىزملىق مىللەت نەزىرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشنى بوشاشماستىن

قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى توپ ئۇقتىئىنەزىرىنى ئىگەللەش ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى توغرا تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەت نەزىرىيىسى جەھەتتىكى تەربىيىنى شىنجاڭدىكى تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ زۆرۈر دەرسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرىنى ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى توپ ئۇقتىئىنەزىرىنى ئىگەللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندۈرۈش، سوتسىيالىزم باسقۇچى مىللەتلەرنىڭ يوقىلىش دەۋرى ئەمەس، بەلكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىش، ئورتاق گۈللىنىش دەۋرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە داۋاملىق قارشى تۇرۇش، چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك. مەيلى چوڭ خەنزۇچىلىق بولسۇن، ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك بولسۇن، ئادەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. بۇنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى، يېتەكلەش ئۇسۇلى، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم. مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىش كېرەك.

2. پارتىيە مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆچەيتىش ھەققىدىكى تەربىيىنى ئۇزاقىچە ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ»، بۇ — مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى. شۇنداقلا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان يېقىنقى ئىلگىرىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىلمىي يەكۈن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز مىللىي سىياسەت ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىنى ھەر قايسى جايلار ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ مۇھىم ئۆگىنىش مەزمۇنى قىلىپ كىرگۈزدۇق ۋە ھەممە كىشىدە مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە كىشى مىللىي سىياسەتنى بىلىش، ھەممە كىشى مىللىي ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەش، ھەممە كىشى مىللىي ئىتتىپاقلىق جەھەتتە ياخشى ئىش قىلىشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، ھەر يىلى بۇنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىنى يەكۈنلەش، تەكشۈرۈش ۋە بۇ جەھەتتىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەقدىرلەشنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ تەربىيە ئارقىلىق،

«ئىككى ئـايرىلالماسلىق» ئىدىـيىسى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلـتىز تارتتى.

3. مىللەتـلەر ئارا يۈز بەرگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مىللى مۇنـاسىۋەت جەھەتتە، بىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنـلىرىدىن ئىنچىكە خىزمـەت ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۈز بەرمەسلىك يـاكى ئاز يۈز بېرىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشنى، مەسىلە يۈز بەرگەن تەقدىردە، ئۇنى توغـرا بىر تـەرەپ قـىلىشنى تـەلەپ قىلـدۇق. مىللەتلەر ئارا ماجرا يۈز بەرگەندە، بىز كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلدۇق، ھەر قانداقلا مەسىلىنى مىللى مەسـلـە دەۋېـلىشقا قـەتئى يول قويمىدۇق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ زور كۆپچىلىگـىگە قەتئى ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، توغرا مەۋقە، فاڭجېن ۋە ئۇسۇل قوللىنىپ، دەل ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ھەل قىلدۇق. ھـەر مىللەت كادىرلىرىدىن ئـۆز مىللىتىنىڭ ئاممـىغا قارىتا كۆپرەك خىزمەت ئىشلـەپ، مىللـى ئىتتىپاقلىقنى ئـالغا سۈرۈشنى تەلەپ قىلدۇق. 30 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مۇتـلەق كۆپـچىلىگى پـارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقـلىقىنى بـۇزىدىغان يامان ئادەملەر ئىنتايىن ئاز ساندا. بۇ ئاساسىي مۆلچەردىن ھەر قانداق چاغدا تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.

4 . ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللى ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ئىنتايىن ئېتىۋار بىلـەن تۇتۇشى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مىللى ئىتتىپاقلىقـنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولـۇشى لازىم. مىللى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقـلىقى ـــ ئاچقۇچ. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنىڭ قايسى مىللەتتىن بـولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ھەممىسى ھەر مىللەت خەلـقىنىڭ مەنپەئـەتىنىڭ سـادىق ۋەكىلى بولۇشى، جان ـ دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمـەت قىلىشى شەرت. ھەر مىللەتتىن بولغان رەھبىرى كادىرلار ئاڭلىق تۈردە پارتىيىۋىلىككە رىئايە قىلىشى، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇشى، بىر بىرىگە ئىشىنىشى، بىر بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر بىرىنى قوللىشى، بىر بىرىدىن ئۆگىنىشى، ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىشى لازىم. ھەر مىللـەتتىن بولغان رەھبىرىي كادىرلار ئاڭلىق تۈردە مىللى ئىتتىپاقلىقنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. 30 يىللىق تەجـرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايـىسى ئورۇننىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇسـتەھكەم بولسا، شۇ ئورۇنـنىڭ مىللى ئىتتىپاقلىقى ۋە بارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشـ

لەنگەن بولىدۇ. مىللىي ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنىڭ قانداق ئىشلەنگەنلىكى — بىزنىڭ بىر رايون، بىر تارماق، بىر كادىرنىڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى تەكشۈرۈشىمىزنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى ھېساپلىنىدۇ.

### شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتىغا ئاساسەن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

شىنجاڭدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش بولسا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەندىلا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى قالاقلىق ھالەتتىن قۇتۇلالايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكىگە ئوخشاش، 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي-سەلبىي تەجرىبە-ساۋاقلار بىزگە شۇنى چوڭقۇر تونۇتتىكى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشتا، چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ۋە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادىي رەۋىشتە خىزمەت ئىشلەش لازىم.

1. سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى بوشاشماستىن قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش. شىنجاڭ — قۇرغاق، ھۆل-يېغىن ئاز بولىدىغان رايون. سۇ ئىشلىرى جەھەتتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ئوبدان ئىشلەش پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇددى جاۋزىياڭ زۇڭلى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ جاينى ئېچىپ قايسى دەرىجىگە يەتكۈزۈش، ئۇنىڭدىن قانچىلىك پايدىلىق يارىتىشتىكى بىرىنچى ھەل قىلغۇچى ئامىل — سۇ ئىشلىرى.» شۇڭا ئېيتىمىزكى، شىنجاڭدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولمىسا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ، سانائەتنى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ، باشقا ئىشلارنىمۇ راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدۇق، ھەر قايسى جاي ۋە ھەر قايسى تارماقلارمۇ سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا

ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىكى كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەر، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى بارلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە جاپالىق تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمى 487 سۇ ئامبىرى ياسالدى، 230 مىڭ كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىلدى، توك كۈچى بىلەن سۇ چىقىرىلىدىغان 30 مىڭ قۇدۇق قېزىلدى، پايدىلىنىلىدىغان سۇ مىقدارى 46 مىليارت 800 مىليون كۇبقا يەتتى. بىز ئەنە شۇنداق زور كۆلەملىك سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغانلىقىمىز ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان قۇرغاق چۆل - جەزىرىلەر بوستانلىقلارغا ئايلاندى. تېرىلغۇ يەر ۋە ئوتلاق كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقا ئىشلارمۇ بىر قەدەر تېز راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مۇندىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئىلگىرىلەپ تەڭشەش ۋە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى زور قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئوبدان ئاساس سېلىندى.

2 . قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن. ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى قاتناش قۇرۇلۇشى ئىنتايىن قالاق ئىدى. بىرغېرىچ تۆمۈر يول يوقلا ئەمەس، بەلكى ئاران 5 مىڭ 2200 كىلومېتىرلا تاش يول بولۇپ، ھەممىلا شېغىل ياتقۇزۇلغان يول ئىدى، ئايروپىلان قاتنىشىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر ئامىل ئىدى. ئەگەر، سۇ شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ «جان تومۇرى» دېيىلسە، قاتناش - ترانسپورت شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ «قان تومۇرى» بولىدۇ. شۇڭا، 30 يىلدىن بۇيان، بىز ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى ۋە فاڭجېنىنى تۈزۈشتە، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشتىن باشقا، قاتناش قۇرۇلۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق. ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا پويىز قاتناۋاتقان تۆمۈر يول مۇساپىسى 1 مىڭ 470 كىلومېتىرغا يەتتى؛ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى كورلا شەھىرىگىچە ياسىلىپ پويىز قاتنىدى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شىخوغىچە بولغان قىسمى جىددىي ياسىلىۋاتىدۇ. 1984 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاش يول ترانسپورتىدا ئاپتوموبىل قاتنايدىغان مۇساپە 22 مىڭ 213 كىلومېتىرغا يەتتى، ئاساسىي تاش يوللارنىڭ غول لىنىيىسىنىڭ ھەممى-

سىگە ئاسپالىت ياتقۇزۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودرو-
مىدىن 11 سى بار، رايون ئىچى ۋە سىرتىغا قاتنايدىغان ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى
11 مىڭ 500 كىلومېتىرغا يەتتى. بىر يىللىق توشۇلغان يولۇچىلار سانى 100 مىڭدىن
ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىگە
خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتناپلا قالماستىن، بەلكى ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن بېيجىڭ،
شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ ئايروپىلان قاتنايدىغان
بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پوچتا - تېلېگراف ئارقىلىق خەۋەرلىشىشمۇ شەھەر -
يېزىلارغىچە ئومۇملىشىپ، تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشتى. قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى-
نىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى شىنجاڭنىڭ ئىلگىرىكى تۇرغۇن ۋە قالاق ھالەتتىكى
ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتى بىلەن بولىدىغان ماددىي ئەش-
يالارنى ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى ئېچىش، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا.

3. يېزا ئىگىلىكى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى.
30 نەچچە يىللىق تەجرىبە بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىكى، يېزا ئىگىلىكى
راۋاجلانسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىشىدۇ، جەمئىيەت تېچ بولىدۇ، ئىگىلىك راۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە
بولغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تېچلىقى، ئىگىلىك تەرەققىياتىدا مەسىلە چى-
قىدۇ. 1949 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە 13 مىليون 34 مىڭ 600 مولا تېرىلغۇ يەر بولۇپ،
ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاران 1 مىليارت 636 مىليون جىڭ ئىدى، ئەمگەكچى
خەلقنىڭ قوسىقى تويمايتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى بىرىنچى
ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكى بىر قەدەر تېز راۋاجلانغان
ئىدى. 1966 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليارت
674 مىليون جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 800 جىڭدىن توغرا كەلگەن. ئاشلىقتا ئۆزى-
مىزنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، ئىچكى ئۆلكە - رايونلارغىمۇ ياردەم بەرگەن ئىدۇق.
لېكىن ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن-
يىلغا كېمىيىپ، ئەسلىدىكى ئاشلىق بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ يەنە ئېشىنالايدىغان
ئەھۋالدىن ئۆزگىرىپ، ئۇدا نەچچە يىلغىچە دۆلەتنىڭ يۆتكەپ بەرگەن ئاشلىقىنى
يەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. بۇ ھال مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەت ئامان-
لىقىغا، ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۆپ دەخلى يەتكۈزدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەتلىرى ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بوشاشتۇرماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئېتىز - ئېرىق ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلات يىلمۇ - يىل مۇقىم ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 مىليارت 901 مىليون 460 مىڭ جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 809 جىڭدىن توغرا كەلدى، ئاشلىق، پاختا، ياغ، شېكەردە ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدۇق. ھازىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئامانلىقى، ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل ھېساپلىنىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دىن ئىلگىرى ۋە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىز دېخانچىلىقنى تۇتۇش بىلەن بىللە، چارۋىچىلىقنىمۇ، ئورمانچىلىقنىمۇ تۇتۇپ، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى بىرلەشتۇردۇق، نەتىجىدە دېخانچىلىق راۋاجلىنىپلا قالماستىن، چارۋىچىلىقمۇ، ئورمانچىلىقمۇ راۋاجلاندى. بۇندىن كېيىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، چارۋىچىلىق ۋە مېۋىچىلىكنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ئاشلىق، پاختا، ياغ زىرائەتلىرىنىڭ چوڭ ئېتىز تېرىقچىلىقى بىلەن بىر قاتاردا، رايونىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىدىكى 3 چوڭ تۈۋرۈكنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

4. يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن يىراق بولغاچقا، مۇستەقىل خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنى تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىز سانائەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئېنېرگىيە سانائىتى، نېفىت ۋە نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى، ماشىنىسازلىق، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، ئوزۇق - تۈلۈك سانائىتى قاتارلىق سانائەتلەرنى نۇقتىلىق ھالدا تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زامانىۋى سانائىتى ئۈچۈن ئاساس سېلىۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىن ئۆز ئۆزىنى قامداش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى، بەزى سانائەت مەھسۇلاتلىرىدا ئۆزىمىزنى قامداشتىن سىرت، زور مىقداردا سىرتقا سېتىپ، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بەردۇق، مەبلەغ جۇغلىدۇق، سانائەت قۇرۇلۇش قوشۇنى زورايدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلدى.

5 . ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ تېزراق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق قىياپىتىنى ئىمكان قەدەر تېزراق ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ تۆتتە زامانىۋىلىشىش قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئىگىلىكنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قېلىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىز بىلەن بولغان پەرقى مەلۇم دەرىجىدە كىچىكلىدى. يولداش خۇياۋ باڭ: 5 ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونى ئىچىدىن كەم دېگەندە بىر - ئىككىسى 7 - 8 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھالدىن سەل يۇقىرىراق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. يولداش خۇياۋ باڭ ۋە يولداش جاۋزىياڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە يەنە: شىنجاڭنى پائال تۈردە ئېچىپ، شىنجاڭنى مەملىكىتىمىزنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىۋىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھالدىن يۇقىرىراق سەۋىيىگە يېتىش دېگەن كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر يىلى بەزى يېڭى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشلاش، ھەر يىلى بىر تۈركۈم يېڭى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى ئورۇنلاش، ھەر يىلى بەزى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

6 . ئىسلاھاتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىش. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز مەركەزنىڭ «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مەمۇرى ئاپاراتلارنى قىسقارتىپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈردۇق، ئىگىلىكنى جانلاندۇردۇق، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقنى ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇردۇق. ئاپتونوم رايونىمىز سىرتقا جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى ئىشكىنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە، شەرق تەرەپتە ياپونىيە قاتارلىق ئەللەر بىلەن

ئالاقە ئورناتقاندىن باشقا . يەنە غەربىي ئاسىيا. شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەنمۇ
مۇناسىۋەت ئورنىتىشى . بولۇپمۇ پاكىستان، ئىران، تۈركىيە قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللە-
رى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەمكارلىشىش ئۇسۇلى جەھەتتە،
بىز كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل يول بولۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز. چەتئەل سودى-
گەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ بىز بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرۇشى ۋە
ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرۇشىغىمۇ يول قويىمىز. مەملىكەت ئىچىگە قارىتا
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز مەملىكىتىمىز-
دىكى 26 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بىلەن ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىق
مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق، ھەمكارلىشىش شەكلى ئىلگىرىكى نوقۇل ماددى ئەشيا ھەم-
كارلىقىدىن راۋاجلىنىپ، مەبلەغ، ئۈسكۈنە، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىملاردىن ئىبا-
رەت 4 گەۋدە بىرلەشتۈرۈلگەن ئەتراپلىق ھەمكارلىققا ئايلاندى. بۇ، ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى كارخانىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش،
ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى .

زور تۈركۈمدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسىپتىكى
ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەييارلاش لازىم

شىنجاڭدا مىللى مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىمىز ۋە شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك
ئىشلىرىنى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئاز سانلىق مىللەت-
لەردىن كېلىپ چىققان، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان زور تۈركۈمدىكى
كادىرلار، ۋە تۈرلۈك كەسىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرى بولمىسابولمايدۇ. ئاپتونوم رايونى-
مىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ، بىز دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ
كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، رايونىمىز ئىچىدىكى ئالى مەكتەپلەر، پارتىيە مەكتەپ-
لىرى، مىللى سىفەن، مىللى تېخنىكوم ، مىللى كەسپىي مەكتەپلەردىن پايدىلىنىپ ۋە
ئىچكى رايونلاردىكى ئالى مەكتەپلەرگە ھاۋالە قىلىپ، زور تۈركۈمدە ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتۇق،
ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىدا زور رول-
لارنى ئوينىدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىر-
لىرى 192 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، كادىرلار ئومۇمى سانىنىڭ % 44.4 نى ئىگەل-
لىدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك كەسىپتىكى تېخنىك خادىملار
115 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 500 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە، بىز مەكتەپ مائارىپى

ئارقىلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ئەمىلىيەت داۋامىدا ئۇلارنىڭ سىياسى سۈپىتى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بەردۇق. كادىرلارنى ئىشلىتىش جەھەتتە، بىز ئەمىلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، شەرت - شارائىت يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان جۇشقۇن روھقا ئىگە زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا سەپلىدۇق.

بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى خەنزۇ كادىرلار ۋە كەسپىي تېخنىك خادىملارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق. شىنجاڭ ئازات بولغاندىن بۇيان، زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ كادىرلار ۋە كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەملىشىپ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارزۇسىدا شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ھالاۋەتتىمۇ، جاپا - مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. خەنزۇ كادىرلار ۋە تۈرلۈك كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىدىن ئايرىلغاندا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلارنىڭ بولۇشى ئوخشاشلا مۇمكىن ئەمەس.

يېقىنقى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىختىساسلىق خادىملار مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، جەمىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە تېخىمۇ ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز بۇ ھەقتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندۇق. بىر تەرەپتىن، زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمىلىلەشتۈرۈپ، زىيالىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، خىزمەت شارائىتلىرىنى ياخشىلىدۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك كەسىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلدۇق. ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ، زىيالىلار ئىچكىرىگە قاراپلا ئاقىدىغان ھادىسىنى ئۆزگەرتتۇق، ھازىر چىقىدىغانلاردىن كىرىدىغانلار كۆپ بولۇشتەك كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلدى. بۇندىن كېيىن بىز چوقۇم پۈتۈن جەمىيەتتە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەي-

دىغان كەيپىياتنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز، داۋاملىق تىرىشىپ تېخىمۇ نۇرغۇن تۇرلۇك كەسپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىچكى رايونلاردىن تۇرلۇك كەسپتىكى تېخنىك ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى ھەمدە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئېلىشىمىز لازىم.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى قۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ بىر ئىجادىيىتى، شۇنداقلا شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۇللەندۇرۇشتىكى زور ئىستىراتېگىيىلىك تەدبىرى. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسى، بۇنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول. شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ۋە چېگرانى قوغداشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى شىنجاڭنى گۇللەندۇرۇش ئۈچۈنلا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى چېگرا رايوننى قوغداش ئۈچۈنمۇ ئېھتىياجلىق. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سانائەت، يېزا ئىگىلىك، سودا، مائارىپ، ھەربىي (خەلق ئەسكىرى) زىچ بىرلەشتۇرۇلگەن، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇلىدىغان يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك بىرلەشمە تەشكىلاتتۇر. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەسلىدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ ئاساسلىق كۈچلىرىنى تايانچ قىلغان ھالدا، 22 - بىڭتۇەنىنىڭ پۈتۈن قىسمى ۋە 5 - كورپۇس (شىنجاڭدىكى بۇرۇنقى مىللىي ئارمىيە) نىڭ كۆپ قىسمىدىن تەشكىللەنگەن. بۇ بىر قەھرىمان قىسىم بولۇپ، بۇ قىسىم كوللېكتىپ ھالدا كەسىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بولۇپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، كەڭ كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر نەنىنىۋەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چۆل - جەزىرىلەردە سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇپ، بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، دەرەخ تىكىپ ئورمانئەھيا قىلدى، ئۇلار دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، يەنە سانائەت، سودا، قاتناش-تىرانسپورت، بىناكارلىق قۇرۇلۇش، مەدىنىي - مائارىپ ۋە پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىمۇ راۋاجلاندۇردى. 30 يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەن بويىچە جەمى 18 مىليون 140 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇلدى، سۇغۇرۇش

ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىدىن 100 نەچچىسى ياسالدى، 54 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ھەر خىل ئۆستەڭلەر قېزىلدى، 83 سۇ ئامبىرى ياسالدى. بۇ ئامبارلارنىڭ سۇ ساقلاش مىقدارى 2 مىليارت كۇبدىن ئاشىدۇ. 1984 - يىلغا كەلگەندە، بىڭتۇەن قارىمىقىدىكى دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرى 169 غا، سانائەت - قاتناش كارخانىلىرى 729 غا يېتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1 مىليونغا يېقىنلاشتى. ئۇلار ياراتقان سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارت 598 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى؛ ئاشلىق ئومۇمى مەھسۇلاتى بىلەن پاختا ئومۇمى مەھسۇلاتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ۋە پاختا ئومۇمى مەھسۇلاتىنىڭ % 23.16 ۋە % 47 نى ئىگەللىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەن ئۆزى سەرپ قىلغاندىن سىرت ھەر يىلى دۆلەتنى 500 مىليون جىڭغا يېقىن تاۋار ئاشلىق، 800 مىڭ دەندىن كۆپرەك پاختا، 50 مىليون جىڭ ياغ ماتېرىياللىرى، 10 مىليون جىڭدىن كۆپرەك گۆش - تۇخۇم بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇگۈنكى كۈندە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ قالدى. شۇنداقلا ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتىكى قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ قالدى. شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتىكى قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ قالدى.

30 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، يەر، سۇ، ئوتلاق، كان، ماشىنا - ئۈسكۈنە، تېخنىكا جەھەتلەردە بىڭتۇەنگە ناھايىتى زور ياردەم قىلدى ۋە بىڭتۇەننىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بۇندىن كېيىنمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتا يەنىلا مۇھىم بىر كۈچ ھېساپلىنىدۇ، ئۇ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان شىنجاڭنى ئىقتىسادى گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققى قىلغان شىنجاڭغا، يەنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بېيىغان شاتلىق بېغىغا ئايلاندۇرۇشتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىـ

نىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشى بولسا بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 12 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويغان كۈرەش نىشانىغا ئاساسەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى ھەسسە قاتلاش، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھالدىن يۇقۇرىراق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شىنجاڭنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ھەم ۋەزىپىسى بىزدىن پارتىيە رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىزنى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلىشىمىزنى، ئىستىلىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، رەھبەرلىك ئىدىيىمىز ۋە خىزمەت ئىستىلىمىزنى يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىزچىل تۈردە ناھايىتى زور غەمخورلۇق ۋە ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، مەركەز مالىيە جەھەتتىن شىنجاڭغا جەمئى 14 مىليارت 136 مىليون يۈەن قوشۇپ بەردى، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سالغان مەبلىغى 14 مىليارت770 مىليون يۈەنگە يەتتى. مالىيە جەھەتتىن ياردەم بەرگەندىن باشقا، دۆلەت يەنە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتلەردىنمۇ شىنجاڭغا ياردەم بەردى. ھەر قايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارمۇ زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، يەنە ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئۈسكۈنە، پەن - مەدەنىيەت جەھەتلەردىنمۇ شىنجاڭغا ياردەم بەردى، مانا بۇلار شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئالغا سىلجىتتى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل تولغان بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا. دۆلەتنىڭ ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ 30 يىلدىن بۇيان شىنجاڭغا بەرگەن مەدەت ۋە ياردەملىرىگە چىن قەلبىدىن مىننەت-

دارلىق بىلدۈرمەكتە. بۇندىن كېيىن، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، 21 - ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىمۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى داۋاملىق تۇردە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغاندىن باشقا، دۆلەتنىڭ ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ داۋاملىق تۇردە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە مۇھتاجمىز.

ئۆتكەنكى 30 يىل داۋامىدا، بىز نەزىرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن باغلاشتا چىڭ تۇرغانلىقىمىز، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشتۇق. ئالدىمىزدا تېخىمۇ مۇشەققەتلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىلەر تۇرۇپتۇ. بىز چوقۇم ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىمىز، باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتكە قاتنىشىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېڭى ئەھۋاللارنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ تۇرۇشىمىز، ماركسىزمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتى ۋە پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن تېخىمۇ ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋە شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم!

ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

# شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقاندەك ئالغا باسماقتا

جانابىل

ۋەتىنىمىز نىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەيۋەتلىك قەددىمگە تەڭكەش بولۇپ، ھەر قايسى سەپلەردىكى ئىسلاھاتلار غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن زەپەر مارشى ئىچىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل تولغان شات - خۇرام كۈننى كۈتۈپ ئالماقتىمىز.

30 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز نىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، شۇنىڭدەك قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردىمى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق جەڭ قىلىپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ۋە پارتىيىمىز نىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايونىمىز نىڭ مائارىپ ئىشلىرى باشقا سەپلەرگە ئوخشاش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1

كونا جۇڭگودا، ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى تويغىچە تارتقان بولۇپ، ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە جان تالىشاتتى، قاراڭغۇ - زۇلمەت ئىچىدە ھايۋاندىن بەتتەر ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى، نەدىمۇ مەدىنىيەت - مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولسۇن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشتىن قۇتۇلۇپ، سىياسىي جەھەتتە باراۋەرلىككە ئېرىشىپ، ئورتاق گۈللىنىدىغان سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم قويدى، 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قېپقالغان ئەمىلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى قەدەممۇ - قەدەم تۈگىتىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن

بىر ۋاقىتتا، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش ئارقىلىق، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يۆتكەلدى، پارتىيىمىزنىڭ 12-قۇرۇلتىيى يەنە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرىدىن بىرى قاتارىغا كىرگۈزدى. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتلىرىدىن بىرى قىلدى. مائارىپ خىزمىتى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسەن مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئادەتتىكى مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدە، شىنجاڭدا ئاران ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 9 ى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 1 مىڭ 335 ى بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 207 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى. سان جەھەتتىن كۆپ بولمىغان بۇ مەكتەپلەر كۆپىنچە شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان چەت ياقا دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەكتەپ يوق دېيەرلىك ئىدى. ساۋاتسىزلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 80% تىن كۆپرەكى ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم ئىدى. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادەتتىكى مائارىپىدا كۈنسايىن ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1984-يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر جەمئىي 8 مىڭ 253 كە يېتىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1 مىليون 960 مىڭدىن ئېشىپ، 1955-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان چاغدىكىدىن 4 ھەسسە، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدىن 9 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1 مىليون 90 مىڭ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 55.9% نى ئىگىلىدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىكى 19.8% تىن ئېشىپ، 94.2% كە يەتتى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 7 ناھىيە باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان ئۆلچەمگە يەتتى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرا ھېساب

بىلەن ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە 1 مىڭ 461 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار. مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كېلىدىغان 1 مىڭ 310 كىشىگە سېلىشتۇرغاندا 151 كىشى ئارتۇق بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن 2 مىڭ 143 ى بار، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 906 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 1955 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 31 ھەسسە، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 309 ھەسسە ئاشقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەكتەپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 284 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، مەكتەپتىكى ئومۇمى ئوقۇغۇچىنىڭ 31.3% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 146.4 كىشى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 541.7 كىشى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغانلار 2 مىليون 578 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

بالىلار مائارىپى بىلەن پەۋقۇلئاددە مائارىپنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 885 بالىلار باغچىسى بولۇپ، باغچىدىكى ھەر مىللەت بالىلىرى 76 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئەما، گاس - گاچىلار مەكتىۋىدىن 3 ى، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيدىغان مەكتەپتىن 1 ى بار.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى مائارىپنىڭ تۈرى قەدەممۇ - قەدەم كۆپىيىپ، ناھىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇش، يېزىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇش، كەنتتە باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. كۆپ ساندىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياتاقلىق مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئادەتتىكى مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى سەپلەر ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئاڭغا ۋە بىلىمگە ئىگە بولغان زور بىر تۈركۈم زاپاس ئەمگەك قوشۇنىنىمۇ يېتىشتۈرۈپ بەردى، بىر دەرىجە يۇقۇرى بولغان مەكتەپلەرنى ئۆلچەمگە لايىق يېڭى ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ تەمىنلىدى.

2. ئالىي مائارىپ بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 1955 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان چاغدا، ئالىي مەكتەپلەر ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىكى 1 مەكتەپتىن 3 كە كۆپەيگەن ئىدى. 1984 - يىلى، ئاپتو-

نوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر تېزدىن كۆپىيىپ 13 كە يەتتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 3 يىلدا 1 دىن ئالىي مەكتەپ قۇرۇلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 19 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 1955 - يىلدىكىگە قارىغاندا 8 ھەسسە، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكىگە قارىغاندا، 51 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار 11 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 57 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە تېخنىكومغا تەڭ دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 14.6 كىشى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان 13.5 كىشىلىك سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا تۇرىدۇ. 1978 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر تۇنجى قېتىم ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىلىدىغان تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى، ھازىر مەكتەپلەردە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 80 گە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدىن 100 ى بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇ- غۇچىلار 28 مىڭدىن ئارتۇق، 1955 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 4 ھەسسىدىن كۆپرەك، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 13.3 ھەسسە ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار 15 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 54.5% نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 20.8 كىشى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان 12.7 كىشىلىك سەۋىيىگە سېلىشتۇرغاندا، 8.02 كىشى ئارتۇق. بۇ جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 7 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېتىشتۈرۈلگەن ھەر مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 42 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى 75 نەپەر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەنلەر 162 مىڭدىن ئارتۇق. بۇلارغا تولۇق شەكىللەردىكى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى، چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى قوشقاندا، ئاپتونوم رايونى- مىزدا جەمئىي 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر خىل كەسپىي تەلىم - تەربىيە ئالغان بولىدۇ. بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەم قىزىللاش- قان، ھەم ئىختىساسلاشقان زىيالىيلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. بۇلار پارتىيە رەھبەر- لىكىدە چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ھەر مىللەت ئىشچى - دېھقان ئاممىسى بىلەن

بىرلىشىش يولىدا ئاڭلىق مېڭىپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلاردا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى .

3. كەسپىي تېخنىكا مائارىپى دەسلەپكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدا كەسپىي مائارىپ 50 - ۋە 60 - يىللاردا خېلىلا راۋاجلانغان ئىدى، لېكىن «سول» چىل ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدە، كەسپىي مائارىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ «قوش رېلىسلىق تۈزۈمى» دەپ قارىلىپ، ۋەيران قىلىندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاساسەن توختاپلا قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا كەسپىي مائارىپ ئەسلىگە كەلدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە راۋاج تاپتى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىن 82 سى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە يېزا ئىگىلىك كەسپىي سىنىپلىرىدىن 583 ى تەسىس قىلىندى، يېزا ئىگىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 36 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان نىسبىتى 1:5.3، بۇلارغا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ۋە تېخنىك ئىشچى مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى قوشقاندا، ھازىر كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 30.4% ىنى ئىگىلەيدۇ، ئوتتۇرا مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسى بىر خىل بولۇشتەك ھالەت خېلىلا ئۆزگەردى .

4. چوڭلار مائارىپى خېلى كۆپ راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئەقىل بۇلىغىنى پائال ئاچتى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چوڭلار مائارىپىدا يېڭى - يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى. 1984 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك تىپتىكى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدىن 33 ى بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئاشتى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقانلار 15.6 كىشى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان 12.6 كىشىلىك سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ جەھەتتە مەملىكەت

بويىچە 7 - ئورۇندا. غەربىي شىمال رايونى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىمىز. چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلىرىدىن جەمئىي 86 سى بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلار 15 مىڭدىن ئاشىدۇ. ھەر مىللەت ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى « ئىككى جەھەتتىن تولۇقلاش » نىڭ سۈرئىتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1984 - يىلى، مەدەنىيەت بىلىمىنى تولۇقلاپ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلگەنلەرنىڭ ئومۇمىي نىسبىتى بىلىمىنى تولۇقلاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ 46.5% ىنى ئىگىلىدى، تېخنىكا بىلىمىنى تولۇقلاپ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلگەنلەرنىڭ ئومۇمىي نىسبىتى بىلىمىنى تولۇقلاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ 35% ىنى ئىگىلىدى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا ساۋاتسىزلار ۋە چala ساۋاتلار 90% كۆپرەكنى ئىگىلەيتتى. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك شەكىلدىكى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ۋە مەدەنىيەت تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى يىلسايىن تۆۋەنلىدى. 1964 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چوڭلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار 46% كە چۈشتى، 1976 - يىلى 35% كە، 1984 - يىلى 18.6% كە چۈشتى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 10 ناھىيە، 177 يېزا، 2083 كەنت -دۆي ئاساسىي جەھەتتىن ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن ئۆلچەمگە يەتتى.

5. ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىلىرىدا جەمئىي 226 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار 171 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار 79 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، زىيالىيلار سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، نۇرغۇنلىغان ناھەق، يالغان ۋە خاتا ئەنزىلەر ئاقلاندى، ھەمدە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كېڭەيتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى باھالاپ بېكىتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئالىي مەكتەپلەردىكى 5 مىڭ 109 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىچىدە پروفېسسورلار 36 غا، دوتسېنتلار 275 كە، لېكتورلار 1 مىڭ 598 گە يەتتى. تەرتىپكە 1 مىڭ سېلىش، تولۇقلاش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ

ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ سۈپىتى خېلى كۆپ يۇقىرى كۆتىرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۆلەت ئىشتاتىغا ئۆتتى، 70 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى دەرسلىكتە ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئىمتىھانىغا ۋە ئوقۇتۇش كەسپىي سىناقلىرىغا قاتناشتى. ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتىنى ۋە ئوقۇتۇش كەسپىي سەۋىيىسىنى تېزدىن ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىفەن مائارىپى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالى سىفەن مەكتەپلىرىدىن 4 ى مائارىپ ئىنىستىتۇتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتلىرىدىن 10 ى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدىن 77 سى بار. بەزى جايلاردا تېخى باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۇرسلىرى ئېچىلدى.

30 يىلدىن بۇيان، كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر پارتىيە رەھبەرلىكىدە، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ھەر مىللەت قۇرۇلۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە مۇشەققەتلىك ئەمگەك قىلىپ، غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، ئىلغار خىزمەتچىلەر يېتەشىپ چىقتى. 1983 - يىل 4 - ئايدا، مەملىكەتلىك « 5 بولۇش، 4 گۈزەل، باشقىلارغا نەمۇنە بولۇش » پائالىيىتى ئىلغارلىرى ۋەكىللەر يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 29 نەپەر ھەرمىللەت مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى تەقدىرلەندى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن 101 نەپەر ھەرمىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى « مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى » بولۇپ باھالاندى. بۇيىلقى تۇنجى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا « باغۋەن مۇكاپاتى » تەسىس قىلىنىپ، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان 500 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىسى مۇكاپاتلاندى.

6. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى قەدەممۇ - قەدەم ياخشىلاندى. 30 يىلدىن بۇيان، ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، مائارىپ خىراجىتى يىلمۇ يىل كۆپەيتىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى قەدەممۇ قەدەم ياخشىلاندى. 1955 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك مالىيىسىدىن مائارىپقا بېرىلگەن خىراجەت يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.8% ئېشىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۆسۈش كۆلىمى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18% تىن ئېشىپ باردى. مائارىپ ئىشلىرىغا ئاجرىتىلغان خىراجەتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە ئومۇمىي چىقىمىدىكى سالمىقىمۇ 1955 - يىلدىكى 10.7% تىن 1984 - يىلدىكى 16.5% كە كۆتۈرۈلدى. 1980 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە 27 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئۇنى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مائارىپ قۇرۇلۇشى ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلەتتى. 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تەجرىبە ئەسۋابلىرى ئۈچۈن 28 مىليون يۈەن مەخسۇس پۇل قوشۇپ بېرىلىپ، تەجرىبىخانىلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىشقا ۋە گۇڭشېلاردا مەكتەپ بىنالىرى قۇرۇشقا 125 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1 مىليون 400 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق مەكتەپ بىناسى سېلىندى، پارتا - ئورۇندۇقتىن 175 مىڭ يۈرۈش ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يېقىنقى 6 يىل ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 72 مىليون 154 مىڭ يۈەن ئاجراتتى، پۈتكەن قۇرۇلۇش 239 مىڭ 336 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئازاتلىقتىن بۇيان پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 4.06% نى ئىگىلەيدۇ. 1984 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 135 مىڭ 700 كۋادرات مېتىردىن ئاشتى. بۇ، تارىختىن بۇيان قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى.

مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق 5 خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا دەرسلىكلەر تۈزۈلۈپ، تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ھەر كىشىگە بىر يۈرۈشتىن كىتاپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مىللىي يېزىقتىكى دەسلىكلىرىنى تۈزۈش، تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىدىمۇ خېلى چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۆرلۈك ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا نۇرغۇنلىغان ئوقۇتۇشتا پايدىلىنى-

دىغان ماتىرىياللار ، دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلار ۋە قورال كىتاپلار تۈزۈلدى، تەرجىمە قىلىندى ، نەشر قىلىندى ھەمدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىك مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى بىلەن چوڭلار مائارىپىغا كېرەكلىك دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشىمۇ قولغا ئېلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئېلېكتىرلەشكەن مائارىپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تېز راۋاجلاندى. زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىشقا باشلىدى .

7. سىياسى - ئىدىيىۋى تەربىيە كۈچەيتىلىپ، ھەر خىل ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئىستىھكامىغا ئايلاندۇرۇلدى. 30 يىلدىن بۇيان، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئەقىل بۇلىقىنى پائال ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزىم - لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە ئەخلاق بىلەن يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە مىللى سىياسەت ۋە مىللى ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى كۈچەيتىلىپ، ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى . پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئىدىيىۋى سىياسى تەربىيە جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئوقۇتۇش تەرتىۋىنى رەتكە سېلىپ، « ئوقۇغۇچىلار رىئايە قىلىدىغان قائىدىلەر» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوممۇنىزىم مەركەز قىلىنغان ئىدىيىۋى تەربىيە، ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىنى، مىللى ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىنى ، ئىنتىزام ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. « لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ، يېڭىچە ئىستىل تۇرغۇزۇش، 3 تە ياخشى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش »، « 5 بولۇش ، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش » ۋە « مىللى ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ئېيى » قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، مەكتەپلەرنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ناھايىتى كۆپ ئۆستى. ئۇلار ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، مىللى ئىتتىپاقلىقنى قوغدايدۇ، كوللېكتىپنى سۆيىدۇ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. مەدەنىيەتلىك ۋەئەدەپلىك بولۇش ، سوتسىيالىستىك ئومۇمى ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىش كەيپىياتى ئاستا - ئاستا شەكىللىنىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولغان ھەر مىللەت يېڭى ئەۋلادلىرى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

2

30 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ مىللى مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىنتايىن مول تەجرىبىلەرمۇ توپلاندى. بۇ تەجرىبىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ سېپىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، بىزنىڭ داۋاملىق تۈردە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىزدە قىممەتلىك بايلىق ھېساپلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىدۇر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دا «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقى ۋە «سول» ئىدىيىلەرنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى بىر مەھەل ئاياق ئاستى قىلىنىپ، مىللى ئىتتىپاقلىق ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ زىيانغا ئۇچرىدى، مىللى مائارىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن بالايى - ئاپەتكە يولۇقتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى 4 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش ئارقىلىق، مىللى مەسىلىدىكى «سول» ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى تۈگىتىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان تىنچ - ئىتتىپاق بولغان، ئىگىلىك راۋاجلانغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ — ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى مەزگىل، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدا مائارىپنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل. 30 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پار-

تىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرغاندىلا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماﺋارىپ ئىشلىرى ساغلام ۋە ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنالايدۇ.

مىللى ماﺋارىپنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ماﺋارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش — ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان قوللىنىۋاتقان ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇھىم بىر فاڭجېن. شىنجاڭ — ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان مىللى ئاپتونوم رايون. شۇڭلاشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ماﺋارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. تۆمەنلىگەن ھەر مىللەت كەسپىي خادىملىرى ۋە مەدىنىيەتلىك. تېخنىكىنى بىلىدىغان، كەسپكە پىششىق ئەمگەكچىلەر بولمايدىغان بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ۋە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئانچە تەرەققى تاپمىغان، مەدىنىيەت ماﺋارىپ ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر ئارقىدا قالغان، ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىق خادىملىرى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلغار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ۋە ئىلغار قېرىنداش مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا خېلى چوڭ. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات جەھەتتىكى تەكسىزلىك ۋە پەرقلەر شەكىللەنگەن. مىللى ماﺋارىپنى ئاپتونوم رايونىمىز ماﺋارىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلغانلىق — دەل پارتىيە مىللى سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىك. تارىختىن قېپقالغان نامراتلىق، قالاقلىقنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، ئازسانلىق مىللەت رايونىنى مەملىكىتىمىزدىكى ئىلغار رايونلار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش، ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشنى كۆزلىگەنلىك بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمىلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئازسانلىق مىللەتلەر ماﺋارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئالدى بىلەن مىللى ماﺋارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئېتىۋار بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، بولۇپمۇ نامرات ۋە چەت ياقىدىكى رايونلارنىڭ ماﺋارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلىدى ۋە نۇقتىلىق ھالدا راۋاجلاندۇردى. خىراجەت ئىشلىتىشتە مىللى ماﺋارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كېرەك بولغان چىقىملارنى ئېتىۋار بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. ئاز سانلىق

مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇرارقلاشقان نامرات دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش، ئوقۇش پۇلى قاتارلىقلارنى ئالماسلىق، بەھرىمەن بولۇش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقۇرى بولغان ئوقۇش ياردەم پۇلى تەسىس قىلىش يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەرنىڭ بىر نەچچە مىسالى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئالى مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر ئىچىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئېلىش ۋە بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نومۇر چېكىنى تۆۋەنلىتىش، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالى مەكتەپلەردە مىللى سىنىپ ئېچىش قاتارلىق سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللى مائارىپنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇ فاكىتېنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمىليىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىگە، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا، «ئىككى پۇت» بىلەن مېڭىش فاكىتېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنلار، كارخانىلار، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە ئىجتىمائى تەشكىلاتلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ ئېچىشقا تايانغاندىن باشقا، بۇتەرەققىياتنى دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردەملىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن،بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىدىن ئىبارەت پايدىلىق شەرتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇشتىن سىرت، دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردىمىنى يەنىمۇ كۆپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ ھەمدە دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى ئېچىپ، «3 كە يۈزلىنىش» فاكىتېنى بويىچە، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەتتىن تېخىمۇ كۆپ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم.

3

پارتىيىمىزنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى بەلگىلىگەن باش ۋەزىپىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سانائەت - يېزا ئىگىلىك يىللىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇش نىشانىنى كۆزلەپ مۇھىم قاتلاپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئوتتۇرا ھالدىن يۇقۇرىراق سەۋىيىگە يېتىشىش، شىنجاڭنى 21 - ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن

ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، غايەت زور تىرىشچانلىق بىلەن مائارىپنى ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى - يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم:

1. مائارىپنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا: «بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى بىر مۇھىم ھالقا ئىختىساسلىق خادىملاردا. ئىختىساسلىق خادىملار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مائارىپ ئىشلىرىنى ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا چوڭ بىر تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ھازىر بىز مائارىپ خىزمىتىنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتمايدىغان بولساق، ۋەتىنىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئاقسىتىپ قويىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىشىنى ئاقسىتىپ قويىمىز. تارىخىي جاۋاپكارلىققا تارتىلىپ قالىمىز. ئىختىساسلىق خادىملار بولمىسا، نىشانىمىز يوققا چىقىدۇ. ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقى مائارىپنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى بەلگىلىگەن. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مائارىپنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى مەركەزنىڭ قارارى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم. مائارىپقا سەل قارايدىغان، ئىختىساسلىق خادىملارغا سەل قارايدىغان، بىلىمگە سەل قارايدىغان خاتا تونۇشلارنى ئۈزۈل — كېسىل تۈگىتىپ، مائارىپنى ھەقىقىي تۈردە بىر ئىستراتېگىيىلىك مەسىلە دەپ قاراپ، ئۇنى بوشاشماي چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش لازىم.

2. ئاپتونوم رايونىمىزدا يەر كەڭرى، مىللەت كۆپ، ئاھالە تارقاق، ئىگىلىك تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرغاندا، جەزمەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، تۈرلەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، پىلانلىق،

قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا و يىللىق مەجبۇرى تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇشىمىز، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قورۇلمىسىنى تەرتىپكە سېلىشىمىز. كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئالى مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ۋە تەقسىمات تۈزۈمىنى قەدەممۇ - قەدەم ئىسلاھ قىلىشىمىز. مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم. مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا ئۇنۇمنى ئاشۇرغىلى، ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى، ياخشى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ۋەزىپىلىرى تولىمۇ مۇشەققەتلىك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئىسلاھات داۋامىدا دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تەتقىق قىلىشى ۋە ھەل قىلىشى لازىم. مائارىپ سېپىدىكى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

3. مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈپ مەقسىتى مىللەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ياخشى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. « ياخشى ئىختىساسلىق خادىملار » دېگىنىمىز — تەربىيىلەپ چىققان ئىختىساسلىق خادىملىرىمىز غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق ئادەملەر بولۇشى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەملەر بولۇشى، دۆلەتنىڭ باي - قۇدرەتلىك بولۇشى ۋە خەلقنىڭ باياشات بولۇشى ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە بولغان ئادەملەر بولۇشى، ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى بىلىملەرگە ئىنتىلىدىغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئىجات قىلىدىغان ئىلمىي ئىلىم - بىلىم روھىغا ئىگە ئادەملەر بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسى تەربىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەڭ ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن تەربىيىلەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى دۆلەتنىڭ باي - قۇدرەتلىك بولۇشى

ئۈچۈن قەھرىمانلارچە ئالغا ئىنتىلىدىغان ۋە تۆھپە قوشىدىغان بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز لازىم. مەكتەپلەرنى بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا چىرىك ئىدىيەلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرىدىغان، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدىغان مۇستەھكەم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

4. ئاپتونوم رايونىمىزدا مائارىپ ئىشلىرى كۆلەم ۋە سۈرئەت جەھەتتىن بىر قەدەر تېز راۋاجلاندى. مىللى مائارىپنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى مەملىكەتنىڭ مائارىپ تەرەققىيات سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى، مائارىپ سۈپىتىنى، بولۇپمۇ مىللى مائارىپنىڭ سۈپىتىنى مەملىكەتنىڭ سەۋىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئارىدا خېلىلا چوڭ پەرق بار. نۆۋەتتە، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىشىمىز، يېڭى دەۋر ئېھتىياجلىق بولغان ئۆلچەمگە لايىق ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز، مائارىپ سۈپىتىنى ئەڭ چوڭ چەكتە ئۆستۈرۈشنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشىمىز لازىم. مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى سىفەن مائارىپىنى كۈچەيتىپ، مۇقىم ۋە ئۆلچەمگە لايىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇشتا. بۇنىڭدىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا سىفەن مائارىپى ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى زور كۈچ بىلەن كۆتىرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش پائالىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەمىيەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە، مەكتەپلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا كونا ئەنئەنىۋى مائارىپ ئىدىيىسى تېخىچە خېلىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرماقتا، تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى بىر ئىزدا توختاپ قالغان ۋە قاتمال، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قۇيۇپ قويۇش، ئىچۈرۈپ قويۇش شەكلىدە بولماقتا. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ماۋاپىق كېلەلەيدىغان مۇنداق مائارىپ ئىدىيىسىنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى جەزمەن ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ئىلغار مەدەنىيەت ۋە پەن بىلىملىرىنى ئىگەللەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلاردا كىچىكىدىن تارتىپلا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈشكە، ئۇلاردا ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھنى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىختىساسلىق خادىملىرىمىز سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش شارائىتىدا، سىياسىي كۈرەش ۋە ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت كەلدى - باردى داۋامىدا، بىر - بىرىدىن تىل ئۆگىنىپ، ھەمسىياتىنى ئالماشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى. ئومۇمىي يۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىل- ۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپلىرىدە خەنزۇچە ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللىي مائارى- پنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە، ھازىرقى زامان پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىگەللەپ، شۇ مىللەتنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدە، باي - قۇدرەتلىك بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رىيال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرىدە: بۇ يىلدىن باشلاپ ناھىيە - بازاردىن يۇقىرى بولغان مەكتەپلەر- نىڭ ھەممىسىدە خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىنىدۇ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلى- رىدىكى مەكتەپلەرمۇ پائال تۈردە شارائىت يارىتىپ، 1987 - يىللىرى خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىشى، 2000 - يىل ئەتراپىدا، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ تىلىدىن ئاساسەن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، «ئۆز تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى تولۇق بىلىدىغان» سەۋىيىگە يېتىشى كېرەك، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە خەنزۇ تىلى دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش - نەشر قىلىش خىزمىتىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلىشىمىز، ئالىي مەكتەپلەردە تەييارلىق سىنىپلىرىنى داۋاملىق تۈردە ياخشى باشقۇرۇشىمىز كېرەك. خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى ئۆگىنىشىنىمۇ تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. بىز بۇ جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەرگە ئىگىمىز ھەمدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنمىز، بۇ خىزمەتنى داۋاملىق تۈردە ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى تۇتىدىغانلا بولساق، جەزمەن تېخىمۇ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» بىزنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىمىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، ئۇلۇغۋار كېلەچىكىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ

(داۋامى 36 - بەتتە)

# ئۆز ئارا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئېتىۋار بېرىپ، ئورتاق گۈللىنىپ، تەڭ ئىلگىرىلەيلى

بادەي (موڭغۇل)

بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 36 يىللىق مەركىسى ھەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق چوڭ تويى. مۇشۇنداق قوش بايرامنى كۈتۈۋېلىۋاتقان چېغىمىزدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى (گوۋۇيۈەن) نىڭ چەكسىز غەمخورلۇقى، ئېتىۋار بېرىشى ۋە پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى، دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدىكىدىن تەدرىجىي ھالدا ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللىشىشتەك تەرەققىيات جەريانىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، بۇ جەريانىنىڭ گويا بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا ئوخشاش، كىچىككىنە بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ، جۇشقۇن ۋە قاۋۇل قىران يىگىتكە ئايلانغىنىدەك. قالاق ۋە كەمبەغەل شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەپ ياشنىغان سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭغا ئايلانغانلىقىنى خوشاللىق بىلەن كۆرىمىز.

شىنجاڭ — كۆپ مىللەتلىك رايون، بۇ يەردە ھازىر 40 تىن ئارتۇق مىللەت ياشايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 5 ئاپتونوم رايون ئىچىدە مىللەت سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئاپتونوم رايون بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 30 ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون ئىچىدىمۇ مىللەت سانى ئەڭ كۆپ بولغان مەمۇرىي رايونىنىڭ بىرىدۇر. ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، مىللەت ئەڭ كۆپ، لېكىن زامانىۋى ئىگىلىكىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق بۇ رايون سىياسىي جەھەتتە، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدىغان، تارقاق ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالىق ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدىغان ھەممە ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقى ۋە ئېتىۋار بېرىشىگە ئىگە بولىدىغان؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە،

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بەرپا قىلىنغان ۋە راۋاجلانغان، بىر قەدەر مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسى بىلەن خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسى ۋۇجۇتقا كېلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەپ ياشنىغان؛ مەدىنىيەت جەھەتتە، مىللى مائارىپ، پەن - تېخنىكا[1]، ئەدەبىيات - سەنئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، شۇنىڭدەك زور تۈركۈمدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، كەسپ ئەھلى ۋە تېخنىكا ئىشچىلىرى يېتىشىپ چىققان؛ مىللى مۇناسىۋەت جەھەتتە، ھەر قايسى مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق ۋە ھەمكارلاشقان، ھېچقايسىسى بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلۇغ نەتىجىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ سەممىي غەمخورلۇغى، ئېتىۋار بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلغانلىغىنىڭ، شۇنداقلا ھەر قايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ خالىسانە ياردىمىنىڭ نەتىجىسى؛ رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلىرىدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنى قەتئى رەۋىشتە ئەستايىدىل ئىجرا قىلغانلىغى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قىلغان غەمخورلۇغى، ئېتىۋارى ۋە ياردىمىنى ئۈلگە قىلىپ، شۇ مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ۋە كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرگە كۆڭۈل بۆلگەنلىگى، ئېتىۋار بەرگەنلىگى ۋە ياردەم قىلغانلىغىنىڭ نەتىجىسى؛ شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئىشىنىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىپ ۋە بىر بىرىنىڭ پۈتىغا پۇت، قولىغا

---

[1] مائارىپ ئىشلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ مەدىنىيەت - پەن ساپاسىنى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى يېپ - يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتىرىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەر قوشايلى!

قول بولۇپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. يۇقۇرقى 3 جەھەتتىكى پاكىتلار ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز. بۇ ماقالىدا پەقەت سىياسى جەھەتتىكى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى تونۇشۇم ۋە تەسىراتىمنىلا ئازراق بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ باپ - باراۋەر بولۇشى — پارتىيىمىزنىڭ مىللى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى. كونا جەمىيەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق بولۇپلا قالماستىن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىمۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار قويماي تارتىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر باراۋەرلىكى دىگەن سۆز، ئازسانلىق مىللەت خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن، ئازسانلىق مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ ۋە ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىسى بولۇش، كونكىرىتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئازسانلىق مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىدىن ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش دىگەنلىك بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بۇ ھوقۇقلار ئېنىق ۋە كونكرىت بەلگىلەنگەن، بۇ بەلگىلىمىلەر 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ كەلمەكتە. ئىجرا قىلىشتا، دۆلەت ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى ۋە ئېتىۋار بەردى. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىن دۆلەتنىڭ ئالى ھوقۇق ئورگىنى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر سانى نوپۇس نىسبىتىگە سېلىشتۇرغاندا خەنزۇ رايونلىرىنىڭكىدىن كۆپ بولدى. بۇنىڭ بىلەن رايونىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا كۆپرەك ۋەكىل قاتناشتۇرۇشىغا ئۈنۈملۈك تۈردە كاپالەتلىك قىلىندى. رايونىمىزدا مىللەت كۆپ، ھەر قايسى مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىمۇ پەرق ناھايىتى چوڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى تەقسىم قىلىشتا، گەرچە دۆلەت رايونىمىزغا ئېتىۋار بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سان يەنىلا چەكلىك، بۇ سانىنى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە قانداق تەقسىم قىلىش مىللى ئاپتونومىيىلىك جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ «شۇ جايدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش»، «شۇ جايدىكى ھەر قايسى مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالىق ھوقۇقىدىن

بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش »، « شۇ جايدىكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئېتىۋار بېرىش » تىن ئىبارەت چوڭ ئىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى » نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاھالىسى ناھايىتى ئاز ھەم تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئېتىۋار بەردى. ئالايلى، رۇس مىللىتى بىلەن تاتار مىللىتى، مەيلى مەملىكىتىمىزدە بولسۇن، مەيلى رايونىمىزدا بولسۇن، ئاھالىسى ناھايىتى ئاز مىللەتلەر. مەملىكەت بويىچە رۇسلارنىڭ ئاران 2 مىڭ 900 چە ئاھالىسى بار، تاتارلارنىڭ سەل كۆپ. شۇنداق بولسىمۇ ئاران 4 مىڭ 100 چە ئاھالىسى بار. بۇ ئىككى مىللەت ئاھالىسىنىڭ %90 تىدىن كۆپرەكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ %0.02 ۋە %0.03 دىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، سايلام قانۇنىدىكى: تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانى جەھەتتە ئېتىۋار بېرىش كېرەك، دېگەن ئالاھىدە بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىنغاندىمۇ، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ نوپۇسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش توغرىسىدىكى تەلەپتىن كۆپ يىراق تۇرىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا رۇسلار بىلەن تاتارلار ئۆزلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقالمايدۇ. مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدا تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھالدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىغا كىرگۈزەلمىگەن، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشالمىغان بولاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى « ئاھالىسى بەك ئاز مىللەتنىڭمۇ ئاز دېگەندە بىر ۋەكىلى بولۇشى كېرەك » دېگەن روھ بويىچە ئىش قىلىپ، رۇس ۋە تاتار مىللەتلىرىدىنمۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل سايلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ، خەنزۇلار ۋە ئاھالىسى كۆپ ئازسانلىق مىللەتلەر ھەممە ئاھالىسى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ مەملىكەتلىك

خەلق قۇرۇلتىيىغا ئۆز ۋەكىلىنى قاتناشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا، مەيلى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان، مەيلى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان جايلاردىكى هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مىللى تەركىۋى تېخىمۇ كەڭ. مەسىلەن مانجۇ، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمى نوپۇسى ئانچە ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشقا ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، رايونىمىزدا ئولتۇراقلاشقىنى ئىنتايىن ئاز. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇلاردىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل سايلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار رايونىمىزدىكى يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئاھالىسى ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا يارىشا ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ، شۇ جاينىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش هوقۇقىنى يۈرگۈزمەكتە. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى گەۋدىلەندى، ئۇلارنىڭ ئاساسي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۈقرالىق هوقۇقىدىن ئۇنۇملۇك بەهرىمەن بولۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى. رايونىمىزدىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تارقاق ئولتۇراقلاشقان، ئاھالىسى ئاز بولغان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ هوقۇقى ۋە ئالاھىدە مەنپەئەتىگە ناهايىتى ياخشى ئېتىۋار بېرىلدى.

مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلەتنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش هوقۇقىغا تولۇق هۆرمەت قىلغانلىقىنىڭ ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىقىنىڭ، ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ هەقىقى خوجايىن بولغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. بىزنىڭ شىنجاڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى تەۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ ئەڭ بالدۇر يولغا قويغان رايون. پۈتۈن رايون مىقياسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مىللەت بولۇپ، 50 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالىسى شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى. ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ %99 تىن كۆپرەكى شىنجاڭدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1952 - يىلى مەركىزىي خەلق هۆكۈمىتى تارقاتقان «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى» غا ئاساسەن، ئۇيغۇر مىللىتى شىنجاڭدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇردى. شىنجاڭدا ئۆلكە دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جاي — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن باشقا، يەنە ئىلگىرى - كېيىن

بولۇپ ئوبلاست دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايدىن 5 ى، ناھىيە دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جايدىن 6 سى قۇرۇلدى. مۇشۇ مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىچىدە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئاھالىسى كۆپرەك. قالغان 8 مىللى ئاپتونومىيىلىك جايدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئاھالىسى ئازراق. مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئاھالىسى شۇ مىللى ئاپتونومىيىلىك جايدىكى ئومۇمى ئاھالىنىڭ 10% ئۆپچۆرىسىدە، ئەڭ ئازلىرى 5% كىمۇ يەتمەيدۇ، ئەڭ كۆپلىرىنىڭمۇ ئاران 20% ئۆپچۆرىسىدە. مۇشۇ مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى خەنزۇلارنىڭ ئاھالىسى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغاقويغان مىللەتنىڭ ئاھالىسىدىن كۆپ ئارتۇق. لېكىن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش ۋە ئورتاق گۈللىنىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئىنچىكە غەمخورلۇق قىلىش، ئېتىۋار بېرىش ۋە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت توپ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئەمەل قىلىپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتنىڭ ئاھالىسى كۆپرەك بولغان قىزىلسۇ، تاشقورغان، قوبۇقسارلاردىن باشقا، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتنىڭ ئاھالىسى ئازراق بولغان ئىلى، بۆرتالا، سانجى، بايىنغولىن ۋە چاپچال، مورى، بارىكۆل، يەنجى قاتارلىق جايلاردا، بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى جىق كۆپىيىپ كەتتى، ئوبلاست دەرىجىلىك ياكى ناھىيە دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقۇرى مەمۇرى رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان بولدى. ھەر دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىنىڭ ھەممىسىدە، مەيلى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئاھالىسى قانچىلىك بولسا بولسۇن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقراسىدىن قويۇلۇپ، كادىرلارنىڭ مىللىيلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى ھەمدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى شۇ يەرلىك

بىرىنچى خىل تىل - يېزىقى قىلىندى. بۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قارىماي، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 35 مىللى يېزا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. مىللى يېزا گەرچە بىر دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جاي بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەتتىكى يېزىلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئېتىۋار بېرىش جەھەتتە مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. دېمەك، مىللى يېزا ئەڭ كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئاھالىسى ئەڭ ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىگە ئېتىۋار بېرىشتە، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە زۆرۈر تولدۇرغۇچىلىق رول ئوينايدۇ.

يۇقۇرقى جانلىق پاكىتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانا، توغرا رەھبەرلىكىدە، ئەۋزەل سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر بىرىگە ئىشىنىدىغان، بىر بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىر بىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە بىر بىرىگە ئېتىۋار بېرىدىغانلىقىنى، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زامان- زامانلاردىن بۇيانقى ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغانلىقىنى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭمۇ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۈتكۈل ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت خەلقلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە ھوقۇقىغا ئېتىۋار بەردى ۋە كاپالەتلىك قىلدى؛ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە ھۆرمەت قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى سىياسى جەھەتتە باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەتنى ئورناتتى.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەدىردان زۇڭلىسى جۇئېنلەي ھايات

ۋاقىتدا مۇنىداق دېگەن ئىدى: « بىز خەنزۇلار رايونىنىڭ سانائىتىنىلا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلدۇرۇپ، شىزاڭنى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى، ئىچكى موڭغۇل چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئۇزاققىچە قالاق پېتى قالدۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولماي قالىدۇ... بىز قالاق جايلارنى مەڭگۇ قالاق پېتى قالدۇرۇماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر قالاق جايلار مەڭگۇ قالاق پېتى قېلىۋېرىدىغان بولسا، تەڭسىزلىك بولىدۇ. » يولداش جۇئېنلەينىڭ بۇ سۆزلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى: سىياسى جەھەتتىكى باراۋەرلىك — مىللەتلەر باراۋەرلىكىنىڭ بىرلا مۇھىم تەرىپى، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم تەرىپى بار، ئۇ بولسىمۇ مىللەتلەر ئارىسىدىكى، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقنى تۈگىتىپ، ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇنداق قىلغاندا، ھەر قايسى مىللەتلەر ھەقىقى تۈردە ئومۇمى يۈزلۈك باراۋەر بولىدۇ. لېكىن ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى مىللى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسى جەھەتتىكى مىللى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن ئوخشاشمايدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقىسىنى پۈتۈنلەي ئىدىيىۋى تەربىيە ۋاستىسى، قانۇن ۋاستىسى ۋە مەمۇرى ۋاستە ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئاساسەن ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە باغلىق. تارىختىكى ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتى تەكشى بولمىغان، خۇسۇسەن رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنى (خەنزۇلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىچكى رايونلاردىكى خەنزۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى پەرق تېخىمۇ چوڭ. بۇ پەرقلەرنى تەدرىجى ئازايتىش، بۇ تەكشىسىزلىكلەرنى ئاخىرقى ھېساپتا تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇزاق ۋاقىت كېرەك. سىياسى جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى مۇھىم ئالدىنقى شەرت قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. بۇ ئالدىنقى شەرت بولمىسا، ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى مىللى باراۋەرلىك ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ، سىياسى جەھەتتىكى مىللى باراۋەرلىك بولسىلا ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى مىللى باراۋەرلىك ئۆز - ئۆزىدىن ئىشقا ئاشىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. پەقەت سىياسى جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دېگەنلىكتۇر. تۈپ

ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى مىللىي باراۋەر-لىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكنىڭ كاپالىتى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىگى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرى توغرىسىدىكى باش فاڭجېن، سىياسەت ۋە پىلانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھارماي - تالماي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ، مىللىي ئىگىلىك بىلەن مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش شەرتى ئاستىدا، مىللىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاج تاپ-قۇزۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. رايونىمىز مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا، مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، «سول» چىللىقنىڭ توسقۇنلۇغى ۋە 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىغىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قولغا كەلگەن نەتىجە يەنىلا غايەت زور. بىرىنچى، شىنجاڭ مىللىي ئىگىلىگىنىڭ قۇرۇلمىسى ماھىيەت خاراكتېرلىق زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. زامانىۋى سانائەت مىللىي ئىگىلىك تەركىۋىگە كىرىپ، دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مىللىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتتى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئاساسىي جەھەتتىن زامانىۋى سانائەت بولمىغان شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىگىلىگىدە 1984 - يىلىغا كەل-گەندە زامانىۋى سانائەتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ئومۇمىي سانائەت، دېخان-چىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 56.8% نى ئىگىلىدى. مىللىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا يۈز بەرگەن بۇ زور ئۆزگىرىش شەھەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى يىراق نامرات چەت - ياقا يېزىلار، چۆل - جەزىرىلەر، ھەتتا ئىچكىرى تاغلىق رايونلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئومۇمىي خەلق ئىگىلىگىدىكى كۆپلىگەن، زاۋۇت، كان، كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى-نىڭ باش كۆتىرىپ چىققانلىغى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتىدۇر. ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىگىلىگىدىكى يەنە بىر چوڭقۇر ئۆزگىرىش — سانائەت، دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىغىدۇر. ھازىر رايونىمىزدىكى ھەر خىل سانائەت كارخانىلىرى 4 مىڭدىن، مەھسۇلات تۈرى 2 مىڭ خىلدىن ئېشىپ، تارماقلىرى بىر قەدەر تولۇق سانائەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. 1984 - يىلى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 1955 - يىلدىن-كىدىن 14.56 ھەسسە ئاشتى. 1984 - يىلنى 1955 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دېخان-

چىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 3.35 ھەسسە، ئاشلىق 2.37 ھەسسە، چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئەق سانى 0.84 ھەسسە، كالا، قوي ۋە چوشقا گۆشىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات مىقدارى 1.55 ھەسسە ئاشتى. سانائەت، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، مەھسۇلات مىقدارى، سورتى ۋە تۈرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۈسكەنلىكتىن، شىنجاڭنىڭ مىللى ئىگىلىكى تۆۋەن شەكىللىك قالاق تەبىئى ئىگىلىك ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندى. ھازىر شىنجاڭنىڭ 170 خىلدىن ئارتۇق مىلى خەلقارا بازارغا كىردى. رايونىمىز 53 دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زامانىۋى قاتناش - ترانسپورت ۋاستىلىرىدىن ئاپتوموبىل، پويىز، ئايروپىلان قاتارلىقلار رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالىغا ئايلىنىپ، ئۇزۇن مۇساپىلىك، زور مىقدارلىق مال ئالماشتۇرۇش ۋە يولۇچى توشۇشتا ئۇلار ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى قاتناش ۋاستىلىرى — ئات، كالا ھارۋىلىرى، تۆگە ۋە ئېشەكنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى جەھەتتە، رايونىمىز مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ھاۋا قاتناش مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن، قاتنايدىغان جاي ئەڭ كۆپ مەمۇرى رايون بولۇپ قالدى.

مىللى ئىگىلىك دېگىنىمىز بىر مىللى رايوندىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىكى ئەمەس، مىللى رايوننىڭ ئىگىلىكى سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى يېرىك ئىشلەپچىقىرىش، بولۇپمۇ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ھەممە مىللەت تەڭ قاتنىشىدىغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى، شۇڭا ئۇنى مىللەت بويىچە ئايرىشقا بولمايدۇ. شىنجاڭ مىللى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مەركەزنىڭ غەمخورلۇغى، ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەنلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ ھەمدە ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە تىرىشقانلىغىنىڭ نەتىجىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلار ۋە باشقا رايونلارنىڭ شارائىتىغا، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ۋە ئالاھىدە ئارزۇسى ۋە مەنپەئەتىگە ئاساسەن بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىۋار بېرىپ، مۇۋاپىق تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىغىنى قوزغىغانلىغىنىڭ نەتىجىسى. شىنجاڭ مىللى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردىمىدىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ پائال قاتناشقانلىغىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى

بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، تامامەن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنىڭ بۈگۈنكىدەك چوڭ تەرەققىياتقا ئىگە بولۇشى پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق مىللىي سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى، ھەمكارلىقىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىردەك تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

مىللىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. پەن-تېخنىكا ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى بولغان مائارىپنى ئېلىپ ئېيتساق، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغان چاغدا، رايونىمىز بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاران بىرلا ئوتتۇرا مەكتەپ بار ئىدى. قازاقلار بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان ئالتاي ۋىلايىتىدە بىرەرمۇ مۇكەممەلرەك ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى. پۈتۈن رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇسى 4 - ئورۇندا تۇرىدىغان موڭغۇللاردىن ئاران 47 نەپەر، 5 - ئورۇندا تۇرىدىغان قىرغىزلاردىن 28 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. مانا بۇنىڭدىن، نوپۇسى تېخىمۇ ئاز بولغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ نەقەدەر قالاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدا ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن ئاران 457 سى، ھەر خىل ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 11.6 سى بار ئىدى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىرگىمۇ يەتمەيتتى. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ساۋاتسىزلار 90% تىن ئاشاتتى، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكىدە ياشايدىغان تاجىك خەلقىنىڭ 99% ى ساۋاتسىز ئىدى. ھازىر ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە. 1982 - يىلقى 3 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېلىنغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، رايونىمىزدا ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 3 مىڭ 381.6 گە، ھەر خىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 2 مىڭ 393.4 كە، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 63.4 كە يەتكەن، 12 ياشتىن ئاشقانلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار 20.9% كە چۈشكەن. مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىمۇ كىشىنى خوشال قىلىدۇ. خۇسۇسەن نوپۇسى ئاز بولغان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك. بىز بۇ يەردە، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە-

لەرنىڭ بىرى بولغان ئالى مائارىپ ئەھۋالىغا قارىغاندا، ئەسىرلەردىن بىرى شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن 13 مىللەتنىڭ 1983 - يىلى ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر 10مىڭ كىشى ئىچىدىكى سانى مۇنداق: ئۇيغۇرلارنىڭ 11.7 نەپەر، خەنزۇلارنىڭ 13.3 نەپەر، قازاقلارنىڭ 15.9 نەپەر، خۇيزۇلارنىڭ 3 نەپەر، موڭغۇللارنىڭ 22.4 نەپەر، قىرغىزلارنىڭ 10.5 نەپەر، شىۋەلەرنىڭ 29.6 نەپەر تاجىكلارنىڭ 9.4 نەپەر، ئۆزبەكلەرنىڭ 62.1 نەپەر، مانجۇلارنىڭ 29.7 نەپەر، تاتارلارنىڭ 82.9 نەپەر، داغۇرلارنىڭ 43.2 نەپەر، رۇسلارنىڭ 129 نەپەر. بۇ جانلىق پاكىتنى يېڭى ئازات بولغان ۋاقىتتىكى كۆپلىگەن مىللەتلەردە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يوق بولۇشلا ئەمەس، ھەتتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ناھايىتى ئاز بولغان تارىخقا سېلىشتۇرغاندا، بۇ نېمە دېگەن چوڭ ئۆزگىرىش - ھە !

شىنجاڭ رايونى ۋە ھەر مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا بۇنداق زور تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشنىڭ بارلىققا كېلىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ مەركەزنىڭ غەمخورلۇغى، ئېتىۋار بېرىشى، ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا، دۆلەتنىڭ مائارىپ فاكچىنىنىڭ يېتەكچىلىگىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە مىللى مائارىپنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزگەن ۋە ئىجرا قىلغانلىغىنىڭ نەتىجىسى. دۆلەتنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئالدى - كەيىندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا كونا مائارىپ تۈزۈمى ئومۇمى يۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى مائارىپ تۈزۈمىنى تىكلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خېلى كۆپ ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى توپلاپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، شىنجاڭ بويىچە نىسبەتەن ئارقىدا قالغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى نۇقتىلىق تەرەققى قىلدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە چەت - ياقا رايونلاردا، دۆلەت ياتاقلىق ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇردى. دۆلەت ئازسانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشىگە ئىلھام بېرىش ھەم ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشتىكى ئىقتىسادي قىيىنچىلىغىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مىللى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر قەدەر يۇقۇرى نىسبەتلىك ئوقۇش ياردەم پۇلى تەسىس قىلىندى، ئالى مەكتەپلەردە بولسا پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇتۇلۇۋاتىدۇ. « 4 كىشىلىك

گۇرۇھ»تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش داۋامىدا، «سول» ئىدىيىنىڭ مىللىي مائارىپقا كەلتۈرگەن كاشىلىسى تۈگىتىلدى، بولۇپمۇ 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا تامامەن توختاپ قېلىش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپ بىلەن ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپىنىڭ توختاپ قېلىش ھالىتى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىلىپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم راۋاجلاندۇرۇلدى، بىر تۈركۈم مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم قۇرۇلدى، بولۇپمۇ مەخسۇس خۇيزۇ ئوتتۇرا مەكتىۋى يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتتىن تەركىپ تاپقان ياكى شۇ مىللەتنى ئاساس قىلغان سىنىپ شۆبىلەر، سىنىپ تېخنىكومى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىۋى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ياكى يېڭىدىن قۇرۇلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بىر قانچە يۈز ياتاقلىق مەكتەپ قۇرۇلدى. چېگرا جايلاردىكى ۋە ئىقتىسادى ۋاقتىنچە ئارقىدا قالغان جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك كىتاپلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى — ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ قورالى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر - بىرىنىڭ تىل - يېزىقلىرىنى ئۆگىنىشىمۇ ئۆز ئارا ئىدىيە - ھېسسىياتلىرىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا، بىز مىللىي باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىل - يېزىقى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، خەنزۇ تىلى دەرسى ئوقۇتۇشنى، «ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنىمۇ، خەنزۇ تىل - يېزىقىنىمۇ بىلىش»نى يولغا قويدۇق. خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا ۋە خەنزۇ مەكتەپلىرىدىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدۇق. ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مىللىي مەكتەپلەردە ياكى كۆپ مىللەتلىك مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپىدا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى تەرىپىدىن ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى مىللىي تىل - يېزىق بىلەن ئۆتۈش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى. ھازىر رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى قوللىنىدىغان بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن دەرس ئۆتكەندىن باشقا، ئوقۇتۇش ئىشى يەنە خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە شىبە قاتارلىق 5 مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىدا ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۆز تىل - يېزىقى بىلەن ياكى ئورتاق قوللىنىدىغان تىل - يېزىق بىلەن ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىبتىۋار بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئايرىم سوئال چىقىرىپ بېرىش ھەم ئايرىم نومۇر چېكى بەلگىلەش يولغا قويۇلدى، خەنزۇ تىلى بىلەن ئىمتىھان بېرىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نومۇر چېكى تۆۋەنلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتى خېلى كۆپ ئاشتى. يۇقۇرقىدەك بىر قاتار ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەر قوللىنىلغاچقا،ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۈكسەلدى. ئۆتمۈشتە مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان رايون ۋە مىللەتنى مىسال ئالساق، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدا ھازىر 3 ئالى مەكتەپ ۋە 31 ئوتتۇرا تېخنىكوم، 600 ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 مىڭدىن دىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كېلىپ، ھەر بىر دادۈيدە باشلانغۇچ مەكتەپ، گۇڭشېدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان پۈتۈن كۈنلۈك ئادەتتىكى مائارىپ سىستېمىسى ئاساسەن شەكىللەندى. قازاقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئالتاي رايونىدا، بۇرۇن بىرمۇ مۇكەممەل ئوتتورا مەكتەپ يوق ئىدى. ھازىر بولسا باشلانغۇچ مەكتەپتىن 277 سى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن 81 ى بار،يەنە يېزا ئىگىلىگى، مېتاللورگىيە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سەھىيە ۋە سىفەن كەسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 ئوتتۇرا تېخنىكوم.مالىيە-سوداسەنئەت ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرى ۋە بىر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش مەكتىۋى بار.بۇرۇن ئاران 47 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغان بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا، ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 312 ھەسسە كۆپەيدى، يەنە 7 ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋۇجۇتقا كەلدى. ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدە ئاران 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى ۋە بىرلا باشلانغۇچ مەكتىۋى بار تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ھازىر ھەر دەرىجىلىك ئادەتتىكى مائارىپقا تەۋە مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 4 مىڭ 100 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ سان پۈتۈن مىللەت نوپۇسىنىڭ ئاز كەم 16% ىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 25 ى بولۇپ، بۇ سان شۇ مىللەتنىڭ ھەر 10 مىڭ كىشىگە 9.4 تىن توغرا كېلىدۇ. باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمۇ ناھايىتى زور تەرەققى تاپتى، ھەتتا تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. ھازىر، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئاسپىرانتلىرىمۇ يېتىشىپ چىقتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى خەنزۇلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتتە زور ياردەم ۋە ئىلھاملاندۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن

خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاران بىر قانچە يۈز ياكى بىر قانچە مىڭ بولسىمۇ، يەرلىك هۆكۈمەت خەنزۇ ياش - ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

يۇقۇرقىدەك جانلىق پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى پەرق كىچىكلىدى ۋە داۋاملىق كىچىكلىمەكتە. لېكىن بۇ پەرقلەر، خۇسۇسەن ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ئىچكى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئۇزاق تارىخ داۋامىدا پەيدا بولغاچقا، ئۇلارنى تامامەن تۈگىتىش ئۈچۈنمۇ ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. ئەمما 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇدۇكى، 4 ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا قىلغان غەمخورلۇغى، ئېتىۋارى ۋە ياردىمى ئاستىدا، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئېغىشماستىن، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق-ھەمكارلىق روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئورتاق تىرىشىپ ئېلىپ بارىدىغانلا بولساق، ئانچە ئۇزۇنغا قالماي ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ئىچكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى پەرقنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي تۇردە، ئومۇمىي يۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

نىساگۈل ئابدۇللا تەرجىمىسى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى
# بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىنلىق

**چېن شى**

«ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى — چوڭ بىر بېلىق. بېلىق چوڭ بولغىنى بىلەن سۇ بولمىسا بولمايدۇ. بېلىق چوڭ بولسا سۇنى كۆپ تەلەپ قىلىدۇ، سۇ كۆپ بولسا، بېلىق ئاندىن يوغىنايدۇ».

بۇ، يولداش خې لۇڭنىڭ 1965 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋاكالىتەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كېلىپ، بىڭتۇەننى كۆزدىن كەچۈرگەندە بىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ ئېيتقان سۆزى. بۇنىڭغا 20 يىل بولدى. ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ، شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىشلەپ، تىرىشىپ بوز يەر ئېچىش - چېگرىنى قوغداش ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاسرىشى ۋە قوللىشىغا ئىگە بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىۋېتىش سىناقلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ قىرانىغا يەتتى ۋە پىشتى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەنتەنە قىلىۋاتقىنىمىزدا، بىڭتۇەننىڭ ئۆسۈش، زورىيىش، تەرەققىي قىلىشىدىكى كۈرەش مۇساپىسىغا نەزەر سېلىپ، ئۆتمۈشىمىزنى ئەسلەپ، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ئىلھام ئالساق ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش بولىدۇ.

30 يىل مابەينىدە، بىڭتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ ئىگىلىك يارىتىشتەك نەنىۋەن روھىنى جارى قىلىپ، پارتىيە ۋە ۋەتەن تاپشۇرغان بوز يەر ئېچىش - چېگرىنى قوغداشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلدى. ئۇ، يوقلۇقتىن پەيدا بولدى، كىچىكلىكتىن زورايدى، نوقۇل ئاددىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا، مائارىپ، ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈشكە؛ دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە بېلىقچىلىقنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان، ماشىنىلىشىش، سۇ ئىنشائاتلىشىش دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بول-
غان چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا بىرلەشمە كارخانىسى بولۇشقا قاراپ
تەرەققىي قىلدى. ھازىر بىڭتۈەندە 1 مىليونغا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى، 2 مىليون-
دىن ئارتۇق نوپۇس، 13 يېزا ئىگىلىك شى (ئىدارە) سى، بىر بىناكارلىق — قۇرۇ-
لۇش شىسى، ئىككى يۈزگە يېقىن دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئورمانچىلىق
مەيدانى ۋە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق مۇستەقىل ھېساۋات ئېلىپ بارىدىغان زاۋۇت -
كان، تىرانسپورت، بىناكارلىق — قۇراشتۇرۇش، سودا كارخانىسى بار. تېرىلغۇ يەر
كۆلىمى 15 مىليون مودىن ئارتۇق بولۇپ، بىڭتۈەن قۇرۇلغان چاغدىكىنىڭ 12 ھەس-
سىسىگە تەڭ. قېزىلغان ھەرخىل ئېرىق - ئۆستەڭلەر 54 مىڭ كىلومېتىر، ياسالغان سۇ
ئامبىرى 83 بولۇپ، ئومۇمى سىغىمى 2 مىليارت 500 مىليون كۆپ مېتىردىن ئاشىدۇ.
1984 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 2 مىليارت 290 مىليون جىڭ، پاختا 1 مىليون
810 مىڭ دەن، مايلىق دان 820 مىڭ دەن، قىزىلچا 340 مىڭ توننا، چارۋا مال
يىل ئاخىرىدىكى سانى بويىچە 3 مىليون تۇياق، گۆشنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 62
مىليون 670 مىڭ جىڭ، كۆمۈر 370 مىڭ توننا، توك چىقىرىش مىقدارى 324 مىليون
كىلوۋاتقا يەتتى. يۇقىرقى مەھسۇلاتلار بىڭتۈەن قۇرۇلغان ۋاقىتتىكىدىن 10 ھەسسە-
دىن 28 ھەسسىگىچە ئاشتى. 1984 - يىلى پۈتۈن بىڭتۈەننىڭ ئومۇمى ئىجتىمائى
مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارت 660 مىليون يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئومۇمى
مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارت 578 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ
كەتتى. ئاشلىق، پاختىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، پاختا ئومۇمى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ % 23.6 ۋە
47.7% ىنى ئىگىلىدى. بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە پەرۋىش مەزگىلىدە ئېغىر
تەبىئى ئاپەتكە يولۇققان بولساقمۇ، لېكىن مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ ئەمەللىشىشى
كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغانلىقى
ئۈچۈن، يەنىلا مول ھوسۇل يىلى بولۇشىدىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھ-
سۇلات قىممىتىنى 1980 - يىلقى بىر مىليارت 620 مىليون يۈەن ئاساسىدا 3 مىليارت
يۈەندىن ئاشۇرۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمىنى بۇلتۇرقىدىن
100 يۈەن كۆپەيتىپ، بىرىنچى قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدىن ئۈمىت بار. سانائەت،
يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەدەنى - مائارىپ، سەھىيە،
پەن - تېخنىكا ئىشلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىمۇ تەرەققىي قىلدى. ھازىر

بىڭتۇەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر تايانچقا ئايلاندى. يولداش خۇ ياۋباڭ بىڭتۇەننى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىڭتۇەن جاھاندا بولۇپ باقمىغان، تارىختا بولۇپ باقمىغان ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى — گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشتىكى بىر ھەل قىلغۇچ، چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىۋاتقان يول ئاچار ئاۋانگارت».

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى شۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇكى، 1949 - يىلى ئارمىيىمىز ئەمدىلا شىنجاڭغا كىرگەن مەزگىلدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قوزغىغان، ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان خەلققە قارشى ئۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە ئېغىر بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەن، خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولغان، خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن نامراتچىلىقتا قالغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى تېز داۋالاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاپ - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ جىددى ۋەزىپە ئىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ قوماندانى يولداش ۋاڭ جېن: «بىز ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشقا قاتنىشىمىز، خەلق بىلەن ئوزۇق تالاشمايمىز، بەلكى خەلققە ياردەملىشىپ ئوزۇق تېپىپ بېرىمىز. بىز كوللېكتىپ ئەمگەك، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە نەمۇنە كۆرسىتىشىمىز كېرەك» دەپ ئېنىق ئېيتقان ئىدى. يېڭى تارىخىي مەزمۇنغا ئىگە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىستىراتېگىيىلىك يۈرۈش مانا مۇشۇنداق باشلاندى: شىنجاڭغا كىرگەن كوماندىر - جەڭچىلەر يۈرۈشلەردە قونغان چاڭ - توزاڭلىرىنى يۇماي، تەرلىرىنى قۇرۇتماي، كىيىملىرىنى سالماي، ئاتتىن ئىگەرنى ئالماي تۇرۇپلا، بىر قولىغا مىلتىق، بىر قولىغا كەتمەن ئېلىپ، بىر تەرەپتىن باندىتلارنى تازىلاپ جەمىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كەڭ كۆلەمدە كىرىشىپ كەتتى. 5 - جۈن (ئەسلىدىكى شىنجاڭ مىللى ئارمىيەسى) نىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئەمدىلا شەرەپ بىلەن ھەقىقەتكە قايتىپ، ئىنقىلاۋى قوشۇنغا قېتىلغان سابىق گومىنداڭ قىسىملىرى شىنجاڭغا كىرگەن ئازاتلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە بىپايان، ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قاقاس تۈزلەڭلىكتە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا، گەمىلەرنى ماكان قىلىپ، بوز ئېچىپ ئېتىز بىنا قىلدى. سۇ ئىنشائاتلىرى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەربى خىراجەتنى قىسقارتىش، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈكنى تېجەش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ سودا - سانائەتنى گۈللەندۈردى. جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئىگىلىك يارىتىۋاتقان ئەنە شۇ يىللاردا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىزگە دەل ۋاقتىدا

سەممى كۆيۈندى ۋە ياردەم قىلدى. بەزىلىرى يول باشلىغۇچى بولۇپ، قىسىملىرىمىزنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى تېپىشىغا، ئاچچىق ئىغان يەرلەرنى چارلىشىغا ياردەملەشتى؛ بەزىلىرى شۇ جايلارنىڭ كېلىماتىنى تونۇشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلىدى؛ بەزىلىرى بىزگە ئۇرۇق ياردەم قىلدى ھەمدە ئات ـ كالىلىرى بىلەن يەرلىرىمىزنى تېرىشىپ بەردى، ھەتتا كوماندىر جەڭچىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ساپان تارتىپ يەر ھەيدەپ، بىپايان قاقاس چۆللەرگە ھەربىلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى ساپىنىنى سالدى. ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيە رەھبەرلىكى ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق بىر گەۋدە بولغان زور ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى، ئارمىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئالغا بېسىش يولىدا جاپانى تەڭ تارتىپ، بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببەت، گۆش بىلەن ئۇستىخاندەك زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى.

شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ ئىشنى چېگرا رايون ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىن باشلىغانلىقىنى ماۋجۇشى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەپ تېلېگراممىدا ئەۋەتكەن: «بىزنىڭ ۋاڭ جېن قىسىمىمىز، سىلەر شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىنچىكە ھېساۋات قىلىپ، ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلار تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەھمىيەت بېرىپسىلەر. سىلەر ھازىر پۇختا ئورۇنلىشىۋاپسىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىپسىلەر.» 1952 ـ يىلى، فېۋرالدا، ماۋجۇشى شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ بىر قىسمىنى كوللېكتىپ ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش قىسىملىرىغا ئايلاندۇرۇشنى تەستىقلاپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەر ئىلگىرى ئۇزۇن ۋاقىت چېنىقىشلاردىن ئۆتكەن، يۈكسەك تەشكىلچانلىق، ئىنتىزامچانلىققا ئىگە جەڭگىۋار قىسىم ئىدىڭلار. مەن ئىشىنىمەنكى، سىلەر ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش فرونتىدىمۇ تېخنىكىغا پىششىق زەربىدارلاردىن بولالايسىلەر، سىلەر قەھرىمانلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن، جۈملىدىن ئۆزەڭلارنىڭ كەلگۈسى بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن، يېڭى فرونتتا تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيسىلەر. سىلەر جەڭدە ئىشلەتكەن قوراللىرىڭلارنى قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى قولۇڭلارغا ئالساڭلار بولىدۇ. ۋەتەنگە كېرەك بولۇپ، سىلەرنى چاقىرغان ۋاقىتتا، مەن سىلەرنى جەڭدە ئىشلەتكەن قوراللىرىڭلارنى قايتىدىن قولۇڭلارغا ئېلىپ، ۋەتەننى قوغداشقا بۇيرۇيمەن.» بۇ بۇيرۇققا بىنائەن، 1954 ـ يىل دېكابىردا بىر بۆلۈك قىسىملار كوللېكتىپ

هالدا كەسپ ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربى رايون ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، داۋاملىق، بوز يەر ئېچىپ، چېگرىنى ساقلاپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ «3 قوشۇن» لۇق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. كېيىن، جۇدې، دۇڭ بىۋۇ، جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، چېن يى، خې لۇڭ قاتارلىق پارتىيە مەركىزي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ھەربى ئىشلار كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ بىڭتۈەننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى. يولداش جۇئېنلەي يەنە بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە قارىتا ئۆز قەلىمى بىلەن: «غالىب ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، چېگرىنى قوغداپ، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەڭلار» دىگەن تەلىمىنى يېزىپ بەردى.

بىڭتۈەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى باشتىن - ئاخىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى قىلدى، قېرىنداش مىللەتلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى ئىزچىل هالدا ئۆزىنىڭ ئالى بۇرچى دەپ بىلدى. 30 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، بىڭتۈەن ئون مىڭدىن ئارتۇق كەسپىي قۇرۇلۇش قوشۇنىنى يىل بويى ئۇزۇلدۇرمەي سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇشقا قاتناشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىپ، يەرنى تەڭ سۇغۇرۇپ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىدا نەمۇنىلىك رول ئويناپ، يەرلىكلەرگە تېخنىكا جەھەتتە پىلانلىق ياردەم بەردى. يا كادىر ئاجرىتىپ تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، پىلانلاش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى، يا تېخنىك خادىملارنى تەربىيلەپ بەردى، ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ مالىيە كۈچى جەھەتلەردە زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى كۆرسەتتى. شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئارمىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكىمۇ بىزگە كونكرېت يېتەكچىلىك ۋە ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلدى. ھەر مىللەت خەلقى ئەنئەنىۋى باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق تەجرىبىلىرىنى بىزگە ئۆگىتىپ، كۆپ ياردەملەرنى بەردى. ئۇزۇن يىل بىرلىكتە تەرەققى قىلىش، بىرلىكتە كۈرەش قىلىش داۋامىدا، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تىن ئىبارەت چوڭقۇر ئىتتىپاقلىق، يېقىن مۇناسىۋەت پەيدىن - پەي شەكىللەندى.

«مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى» بولغان 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا، بىڭتۈەننىڭ ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بىڭتۈەن تارقىتىۋېتىلدى، بىڭتۈەن بى-

لەن يەرلىكنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتىمۇ بۇزۇلدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1981-يىلى مەركەز ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ 41-نومۇرلۇق ھۆججەتنى چۈشۈرگەن ۋە يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا قايتىدىن كەلگەننىڭ مابەينىدە، بىڭتۇەن بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەسلىدىكى سەممىي ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش ئاساسىدىكى بىرلىك بىلەن سۈدەك يېقىن مۇناسىۋىتى تېزدىن ئەسلىگە كەلدى ۋە كۈچەيدى، بىڭتۇەن خىزمىتىدىمۇ گۈللەش-تەرەققىي قىلىش يېڭى ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇلتۇر 21-دېكابىردا، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ بىڭتۇەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە «قوش ئىلغار» لار ۋەكىللىرى يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى قۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغ بىر ئىجادىيىتى، بىز بۇندىن كېيىن چوقۇم ھەرگىز ئېغىشماي، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.» ئۇ يەنە: «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش — بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى تۈپ كاپالەت» دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە سەممىي، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، بىزنىڭ يەرلىكلەر بىلەن، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشى يولغا قويۇشىمىزنى، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشى يولغا قويۇشىمىزنى، ھەر قايسى شى، تۇەن-مەيدان، ليەندۈيلەرنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەر خىل خىزمەتلەرنى ياخشى يولغا قويۇشىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. بۇرۇنقىدەك «ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن بەخت يارىتىش»نى ئۆز ۋەزىپىسى دەپ بىلدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئېچىش، چېگرىنى قوغداش، «3 قوشۇن» لۇق ۋەزىپىسى تېخىمۇ مول مەزمۇنلارغا ئىگە بولدى. يولداش خۇياۋباڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېزدىن بېيىتىش» دېگەن يوليورۇقىنى ئۆزىمىزگە ئۇزۇن مۇددەتلىك يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە مەركەزنىڭ بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىق قىلىش ۋە باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشتا گەۋدىلەندۈرۈپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشىغا ياردەم بېرىشىمىز، مىللىي تىل-يېزىقىنى پائال

ئۈگىنىپ، بىر ئامال قىلىپ قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە پەن، مەدەنىيەت، تېخنىكا سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، ھەر خىل كەسپىي مەكتەپلەر ۋە تېخنىكا ئۈگىنىش كۇرسلىرىنى ياخشى ئېچىپ، بىڭتۈەننى مەدەنىيەت، پەن تېخنىكا بىلىملىرىگە، سوتسىيالىستىك ئىدىيىگە ئىگە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان چوڭ مەكتەپكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم بۇ. بىڭتۈەنىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەربىي بوز يەر، ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى شەرەپلىك بۇرچى بولۇپ، سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1-، 3-، 9- شىلىرى، بىناكارلىق 1- شىسى قاتارلىق ئورۇنلار يەرلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلەشمە ئىگىلىكنى، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى، بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ كارخانا باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، بۇلار يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئالاھىدىلىككە ماسلىشىش، پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش، «خىزمەت قوشۇنى» لىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا يارىتىلغان بىر خىل ياخشى شەكىل. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، تېزلىكتە كېڭەيتىش — نۆۋەتتىكى خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى. بىڭتۈەننىڭ يەرلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشى، شېرىكلىشىپ كارخانا باشقۇرۇشى ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز يېتىشمەسلىكلىرىنى تولۇقلاپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، ئورتاق تەرەققى قىلىشقا، قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەشكە پايدىلىق. شۇنىڭدەك، ئىقتىسادىي بىرلەشمە ئىگىلىكتىن كېلىدىغان ئورتاق مەنپەئەت بىڭتۈەن ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بىلەن يەرلىك قېرىنداش مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلىكتە ئەمگەك قىلىش، بىرلىكتە ئۈگىنىش، ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئىگىلىكنى ئاكتىپ باشقۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ يېڭى شەيئىنى ھەر مىللەت خەلقى ۋە بىڭتۈەن ئىشچى-خىزمەتچىلىرى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار: «بىرلەشمە ئىگىلىك — كادىرلارنى، ئىشچىلارنى، كىشىلەر قەلبىنى بىرلەشتۈردى» دېيىشتى. بۇرۇن كۆرۈشكەندە ئاغزىنىڭ ئۇچىدا سۆزلىشىدىغانلار ھازىر كۆرۈشكەندە «يۈرەك سۆزلىرى»نى قىلىشىدىغان بولدى. بۇرۇن پەقەت ھېيت-بايراملاردىلا باردى-كەلدى قىلىشىدىغانلار ھازىر دائىم باردى-كەلدى قىلىشىدىغان بولۇپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تېخىمۇ سەممىي، چوڭقۇر گەۋدىلەندى. «بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، شېرىك باشقۇرۇش» تىن ئىبارەت ئورتاق ئىش بىڭتۈەن ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بىلەن يەرلىك ئاممىنىڭ بىرلىكتە سىياسى، مەدەنىيەت، تېخنىكا، كەسىپ ئۈگىنىشىنى، ئىشلەپـ

چىقىرىش، ۋە خىزمەت تەجرىبىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالماشتۇرۇشنى، يېڭى تېخـ
نىكىلارنى ئۆز ئارا ئۆگىتىشنى، ھەر خىل ئىختىساسلىق قۇرۇلۇش خادىملىرىنى
تەربىيىلەشنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىگتۇەن ئىشچى - خىزمەتـ
چىلىرىنىڭ قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىپ، مىللىي دوستلۇقنى ئىلـ
گىرى سۈرۈشىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى «ئالتۇن كۆۋرۈكى» نى مۇستەھكەملىشىگە،
ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشىغا قولايلىق تۇغدۇردى.

يۇقۇرقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىگتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىشىپ تىجاـ
رەت قىلىشى، شىرىكلىشىپ باشقۇرۇشى ئۆز ئورنىدىن ماتېرىيال ئېلىشقا پايدىلىق، ئازمە بلەغ
كېتىش، تېز ئۈنۈم بېرىش، ھاياتىي كۈچى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقۇرى بولۇشتەك ئەۋزەلـ
لىككە ئىگە. ئۇنىڭ بىلەن يەنە يەرلىكتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى،
ئاممىنىڭ كىرىمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغىلى، تۇرمۇشىنى كۆپ ياخشىلىغىلى، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ كەيپىياتىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ بىگتۇەن ئىشلىرى مەدھىيىلەنـ
مەكتە. بىگتۇەن كادىرلىرى ئىززەتلەنمەكتە، ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش جەڭچىلىرى
قەدىرلەنمەكتە. ئاڭلاپ بېقىڭلار، ئاقتو ناھىيىلىك پارتكومىدىكى رەھبىرىي يولداشلار:
«بىزنىڭ تاغ - دەريالىرىمىز بىگتۇەن ئۈچۈن ئومۇمى يۈزلۈك ئوچۇق. بىگتۇەننىڭ
تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ ناھىيىمىزگە كېلىپ ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشىنى قارشى ئالىمىز،
بالدۇرراق كېلىشىنى، كۆپلەپ كېلىشىنى، تېزراق كېلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. دۆلىتىمىـ
زنىڭ تەيشى بايلىقى بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي، يەر ئاسـ
تىدا كۆمۈلۈپ يېتىۋەرمىسۇن. دەپ نەقەدەر جايىدا ئېيتقان - ھە!»

بۇسۆز بىگتۇەن بىلەن يەرلىكتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك سادا سىـ
نى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ئىختىيارلىق،
مەنپەئەتدارلىق، ئۆز ئارا ياردەم، ئۆز ئارا يول قويۇش ۋە ئورتاق تەرەققى قىلىش
پىرىنسىپى ئاستىدا، يەرلىك بىلەن بىرلىشىپ، شىرىكلىشىپ سودا - سانائەت كارخانىـ
لىرى، دېخانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇش، 2-، 3- خىل كەسىپ بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىش
بىگتۇەننىڭ «خىزمەت قوشۇنى» لىق ۋەزىپىسىنى يېڭى تەرەققىياتقا، يېڭى يۈكسىلىشكە
ئىگە قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ، «ئىككى
ئايرىلالماسلىق» مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بۇ، بىگتۇەننىڭ يەرلىكلەر
بىلەن بىرلىكتە «ئىككى مەدەنىيەت» يارىتىپ، ۋەتەننىڭ چېگرىسىنى بىرلىكتە قوغداپ،
قول تۇتۇشۇپ بوز يەر ئېچىپ، چېگرىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەنـ
دۈرۈشتە كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە ياخشى شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭدا زور ئۈمىت بار. بىز

( داۋامى 59 - بەتتە )

# شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر

ۋۇ چېڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 30 يىللىق تويى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمىدە، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. 1984- يىلى رايونىمىزدا سانائەت- يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليارد 538 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 1955- يىلدىكىدىن 6.36 ھەسسە ئاشتى (1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇنداق)، يېڭى ئازات بولغان 1949- يىلدىكىدىن 13.66 ھەسسە ئاشتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش، مالىيە- سودا، پەن- مەدەنىيەت، مائارىپ- ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ تەرەققىي قىلدى. ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ئىنتايىن نامرات- قالاق، تولىمۇ ۋەيرانە كونا شىنجاڭ بۈگۈنكى كۈندە دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن ئاۋات سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭغا ئايلاندى. پامىر ئېگىزلىكىدىن قەدىمقى چوڭ يولغىچە، ئالتاي تېغىدىن كۇئېنلۇن تېغىغىچە، رايونىمىزدىكى 13 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش كەيپىياتى ئىچىدە تەنتەنىلىك تويىنى كۈتۈۋالماقتا. شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ، كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ياراتماقتا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سانائەت- يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىستىراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تولۇق ئىشەنچ بىلەن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا.

(1)

شىنجاڭ — يېرى كەڭ ، بايلىغى مول، ماددى مەھسۇلاتى باياشات، دېخانچى-
لىق، چارۋىچىلىق ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا نۇرغۇن ئەۋزەل شارائىتقا
ئىگە رايون. ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز
قاتارلىق ھەر مىللەت دېخان - چارۋىچىلىرى بۇ يەردە ئىنتايىن مول ئىشلەپچى-
قىرىش تەجرىبىلىرىنى ياراتقان. لېكىن ئازاتلىقتىن بۇرۇن، ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن
فېئوداللىق تۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قاتتىق بوغۇپ قوي-
غانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئاھا-
لىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەر مىللەت نامرات دېخان، چار-
ۋىچىلىرىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 3 ئائىلىدە بىر تىبىرلىغۇ ئۇلىغى، ھەر 9
ئائىلىدە بىر هارۋا، ھەر 6 ئائىلىدە بىر بۇقۇسا، ھەر 2 ئائىلىدە بىر كەتمەن بار
ئىدى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپلىگەن نامرات چارۋىچىلارنىڭ ئۆز چارۋىسى
يوق ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، شىنجاڭدىكى دېخانلار، چارۋىچىلار يېڭى ھاياتقا
ئىگە بولدى. 30 نەچچە يىل ئىرىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا كۆزگە كۆرۈنەر-
لىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. 1984 - يىلى دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلات-
لىرىنىڭ قىممىتى 4 مىليارت 551 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 3.3
ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 6.25 ھەسسە كۆپەيدى؛ تىبىرلىغۇ يەر 47 مىليون 290
مىڭ 200 موغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 86.53%، 1949 - يىلدىكىدىن 1.61 ھەسسە
كۆپەيدى؛ ئەمىلىيەتتە تىبىرلىغان يەر 43 مىليون 174 مىڭ 800 موغا يېتىپ، 1955-
يىلدىكىدىن 94.3%، 1949 - يىلدىكىدىن 1.8 ھەسسە كۆپەيدى؛ ئوتلاق 756 مىليون مو.
ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى: ئاشلىق
9 مىليارت 901 مىليون جىڭ بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 2.37 ھەسسە، 1949 - يىل-

بىكىتىۋەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە «ئىككى ئايرىلالماسلىق» تىن
ئىبارەت بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ،
بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنى دۆلىتىمىزنىڭ 4 نى
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ ياخشى بازىلاردىن بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش
ئۈچۈن ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ - ياشناپ، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئەڭ شەرەپلىك
ۋەكۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشىمىز.

ئىمىنجان ئەخمىدى تەرجىمىسى

دىكىدىن 4.84 ھەسسە ئاشتى؛ پاختا 3 مىليون 846 مىڭ 200 جىڭ بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 6.65 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 36.9 ھەسسە ئاشتى؛ ياغلىق دان 4 مىليون 328 مىڭ دەن بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 2.16 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 6.53 ھەسسە ئاشتى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرى قوتاندىكى ھەر خىل چارۋا 30 مىليون 255 مىڭ 800 تۇياق بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 84.47%، 1949 - يىلدىكىدىن 1.91 ھەسسە ئاشتى.

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققى قىلغانلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ياخشىلانغانلىقى، ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ ئومۇملاشقانلىقى ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن يەر تېرىش، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن مال بېقىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، رايونىمىزنىڭ سۇغۇرۇش كۆلىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 5.1% ئېشىپ، ئومۇمى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يىلسېرى ئېشىش نىسبىتىگە يېقىنلاشقان. 1984 - يىلى سۇغۇرۇلىدىغان يەر 42 مىليون 644 مىڭ 500 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ 90.18% نى تەشكىل قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئونۇملۇك سۇغۇرۇش كۆلىمى 39 مىليون 644 مىڭ 100 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ 83.83% نى تەشكىل قىلغان؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ ئومۇمى قۇۋۋىتى 4 مىليون 690 مىڭ ئات كۈچىگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئون مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە 992.5 ئات كۈچىدىن توغرا كەلگەن؛ ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان يەر تېرىلغان يەرنىڭ 67.18% نى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىنغان يەر تېرىلغان يەرنىڭ 58.67% نى، ماشىنا بىلەن يىغىلغان يەر ھوسۇل ئېلىنغان يەرنىڭ 26.28% نى تەشكىل قىلغان، بۇ سەۋىيە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى. ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 520 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر مو زىرائەتكە 22 جىڭدىن توغرا كەلگەن. شىنجاڭدا، تېرىلغان يەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە زورۇر ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. يىغىپ ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇزلەڭلىكتە بەرپا قىلىنغان ئورمان ئازكەم 4 مىليون مو، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى 1 مىليون 610 مىڭ مو، تېرىلغان ئومۇمى يەرنىڭ 9.5% ىگە يەرنى قوغدايدىغان بىردىگە ئوخشاش زىرائەتلەر تېرىلدى. بۇ، دېھقانچىلىقتا نۇر، ھارارەت، سۇ، تۇپراق، گازدىن ئىبارەت 5 خىل تەبىئى بايلىقنى بىرلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، قۇرغاقچىلىق، قۇم - بوران، شورغا ئوخشاش تەبىئى ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە دېھقانچىلىقتا ياخشى

سۈپەتلىك ئېكولوگىيىلىك ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىجابى رول ئوينىدى. 30 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا چارۋىچىلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇش جەھەتتە جەمئى 2 مىليارت يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بىر تۈركۈم ماشىنا قۇدۇق، كۆل قېزىلدى. سۈنئى ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى، تۆل ئېلىش پونكىتى قۇرۇلدى ۋە قوتان ياسالدى؛ جايلاردا مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە ئوتلاق خىزمىتى پونكىتلىرى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، چارۋىغا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيىلىك دورا زاۋۇتى قۇرۇلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا يەرلىرىگە ئوخشاش، شىنجاڭنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىمۇ تەرەققىيات يولىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئەگرى يوللارنى ۋە تەكرارلىنىشلارنى باشتىن كەچۈردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى. يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىدە كەڭ قويۇپ بېرىلىشى، ئائىلىلەرگە كۆترە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان ھەر خىل ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي تۈردە يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىقتىسادى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق سېپىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش مەنزىرىسى مەيدانغا كەلدى. يېزىلاردىكى ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭنىڭ بوستانلىقلىرى جانلىنىپ كەتتى، ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، دېخانچىلىق بىلەن قاپلانغان يەرنىڭ دائىرىسى تەدرىجى كېڭەيدى. دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت كونا بەش كەسىپنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، سانائەت، سودا، ترانسپورت، بىناكارلىق، مۇلازىمەتچىلىكتىن ئىبارەت يېڭى بەش كەسىپ جۇشقۇن قىياپەت بىلەن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. پۈتۈن يېزا ئىگىلىكى ئۆزىنى تولۇق ۋە يېرىم تەمىنلەيدىغان تەبىئى ئىگىلىكتىن تاۋار ئىگىلىككە، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆتمەكتە؛ يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىمۇ ئۈزلۈكسىز تەڭشەلمەكتە. بۇ جەرياندا، ئۆز يېرىنىڭ تەبىئى بايلىق ۋە ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەھسۇلاتلار تەدرىجى تەرەققى قىلماقتا. جايلار ئوتتۇرىسىدىكى

كەسىپ جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتى ۋە دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تاۋار بازىلىرى تەدرىجى شەكىللەنمەكتە. تەر تۆكۈپ باي بولغان كەسىپي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلە، ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە يېزا - بازار كارخانىسى، ئىقتىسادىي بىرلەشمە تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلمەكتە. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا رايونىمىز بويىچە ھەر خىل كەسىپي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلە 190 مىڭغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئومۇمى دېخانچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ 11% نى تەشكىل قىلغان. بولۇپمۇ كىشىنى خوش قىلىدىغىنى شۇكى، ھەممە يەردە ئۆز يېرىنىڭ تەبىئى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپي ئائىلىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇلار سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. 1984 - يىلى شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنىڭ تاۋار نىسبىتى 54.93% كە يەتتى؛ ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 332 جىڭغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 166.6 جىڭ، 1949 - يىلدىكىدىن 201.9 جىڭ ئاشتى؛ پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 91 جىڭغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 45.5 جىڭ، 1949 - يىلدىكىدىن 70.8 جىڭ ئاشتى؛ ياغلىق داننىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 137 جىڭغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 66.4 جىڭ، 1949 - يىلدىكىدىن 80.5 جىڭ ئاشتى؛ قىزىلچىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 3437 جىڭ بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 2551 جىڭ، 1949 - يىلدىكىدىن 3172 جىڭ ئاشتى؛ يېزا - بازار كارخانىلىرى 6812 گە، ئومۇمى كىرىمى 539 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمى كىرىمىنىڭ يېزىدىكى كوپېراتسىيە ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى كىرىمىدىكى نىسبىتى 1977 - يىلدىكى 12.5% تىن 21.2% گە كۆتۈرۈلدى.

ھازىر شىنجاڭدىكى كەڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۆزگىرىپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ بىر نەچچە 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرمەكتە.

**( 2 )**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ 30 يىلدىن بۇيان، كەڭ كۆلەملىك

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلدى. 1984 - يىلى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارت 987 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 14.5 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 64.8 ھەسسە ئاشتى؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى نىسبىتى 1949 - يىلدىكى 19.2%، 1955 - يىلدىكى 38.2% تىن 56.8% كە كۆتۈرۈلدى. ھازىر سانائەتنىڭ تارماقلىرى بىر قەدەر تولۇقلىنىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە رايونلارغا تارقىلىشى مۇۋاپىقلىششقا يۈزلىنىپ، نېفىت ۋە نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كۆمۈر، يېنىك سانائەت - توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنى تايانچ قىلغان زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى.

60 - يىللاردىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ سانائىتى ئاساسەن ئۈرۈمچى ئەتراپىغا توپلانغان بولۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى باشقا جايلاردا سانائەت يوق دېيەرلىك ئىدى. ھازىر ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار باشقۇرغان سانائەت كارخانىسى 4339 غا، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئاز كەم 3 مىڭغا يېتىپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلدى. بۇ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. ئۈسكۈنىلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلانماقتا ۋە ياخشىلانماقتا. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا بىر تەرەپتىن ھازىر بار كارخانىلار كۆچەپ تەرتىپكە سېلىنىدى، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىلغار ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈش قەدىمى تېزلىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. 1984 - يىلى رايونىمىز بويىچە 11 خىل سانائەت مەھسۇلاتى دۆلەتنىڭ كۈمۈش مىدال مۇكاپاتىغا، مىنىستىرلىكنىڭ كۈمۈش لوڭقا مۇكاپاتىغا ياكى مىنىستىرلىكتىن بېرىلگەن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى، 73 خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، تېخنىكا ھەمكارلىقى ئارقىلىق يېڭىدىن قوشۇلغان مەھسۇلات تۈرى ۋە يېڭىدىن كەشپ قىلىنغان مەھسۇلات 304 خىلغا، يېڭى كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13 مىليون يۈەن پايدا كۆپەيگەن. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 9970 يۈەن بولۇپ، ئوخشاش ئۆلچەم بىلەن ھېسابلىغاندا، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.6% ئۆستى؛

ھەر يۈز يۈەن مەبلەغدىن ھاسىل قىلىنغان پايدا ـ باج ئالدىنقى يىلدىكى 12.78 يۈەندىن 14.42 يۈەنگە كۆتىرىلدى؛ ئۆزگەرمەس تەننەرقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.27% چۈشتى؛ نورمىلىق ئۆزگىرىشچان مەبلەغنىڭ ئايلىنىش ۋاقتى ئالدىنقى يىلدىكى 121 كۈندىن 118 كۈنگە قىسقاردى. يەرلىك خامچوت ئىچىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ قىلىنغان كىرىم ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.6% ئاشتى، پايدا بىلەن سېتىش بېجى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12% ئۆستى؛ يۇقۇرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 34.5% ئاشتى؛ زىيان تارتىدىغان كارخانىلارنىڭ زىيىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 54.3% تۆۋەنلىدى؛ ئۆزگىرىشچان مەبلەغنىڭ ئايلىنىش ۋاقتى ئالدىنقى يىلدىكى 149 كۈندىن 147 كۈنگە قىسقاردى. مانا بۇلار شىنجاڭدا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە قاراپ قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدا ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى چوڭ ھەجىمدە كۆپەيمەكتە. يېڭى ئازات بولغان مەزگىللەردە مۇتلەق كۆپ ساندىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرالمايتتى. 1984 ـ يىلى پولات مەھسۇلاتى 171 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 21.3 ھەسسە ئاشتى؛ پولات ماتىرىياللار 138 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 230 ھەسسە ئاشتى؛ چۆيۈن 202 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 18.7 ھەسسە ئاشتى؛ كۆمۈر 14 مىليون 333 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 21.2 ھەسسە، 1949 ـ يىلدىكىدىن 78.7 ھەسسە ئاشتى؛ نېفىت 4 مىليون 501 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 135.8 ھەسسە، سېمونت 1 مىليون 692 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 105.5 ھەسسە ئاشتى؛ توك چىقىرىش مىقدارى 3 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 61.7 ھەسسە، 1949 ـ يىلدىكىدىن 352 ھەسسە ئاشتى؛ پاختا رەخت 202 مىليون مېتىرغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 6.15 ھەسسە ئاشتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا سۇلياۋ، تىراكتور، كومبايىن، ئىستانوك، بالون، يۇڭ رەخت، فابرىكا قەغىزى، ئۆيدە ئىشلىتىدىغان كىر ئالغۇ، تېلېۋىزورغا ئوخشاش مەھسۇلاتلارنى شىنجاڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى ـ تاشقى بازارلاردا سېتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون يېڭى قۇرۇلغاندا، يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى خېلىلا تۆۋەن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىچكىرىدىن ئېلىپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى؛ ھازىر شىنجاڭدا يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى

بويىچە ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 70% كە يېقىنلىشىپ قالدى، بىر قىسىم مەھسۇ-
لاتتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى.

شىنجاڭنىڭ سانائەت تارماقلىرى ئىچىدە، نېفىت سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى، بېجى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى ئاپتونوم رايون بىلەن قوۋرداش. 1955-يىل 10-ئاينىڭ 29-كۈنى قارامايدا تۇنجى قۇدۇق-تىن سانائەت مېيى ئېتىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى يېڭى تەرەققىيات مەزگىلىنى باشلىدى. ھازىر شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە نېفىت سانائىتىدە مۇھىم بازىلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. قاراماي دىن باشقا، يەنە ئاق بۇلاق، قىزىلتاغ ئېغىزى، مايتاغ ۋە ئۈچكىلىك نېفىتلىكلىرى ئېچىلماقتا. نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى 8 مىليون توننىدىن ئاشتى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 4 زامانىۋى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا يىلىغا 3 مىليون توننىدىن ئارتۇق نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىنغان نېفىت 50 مىليون توننى-دىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ يېرىمى ئىچكى رايونلارغا يۆتكەلدى؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن جەمئىي نېفىت 25 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. شىنجاڭدا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى 200 خىل ئەتراپىغا بارىدۇ، ئۇنىڭ 30 نەچچە خىلى دۆلەت ئىچىدىكى ۋە خەلقارادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇدى شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن ئىشقا كىرىشكەن نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش كارخا-نىسى بولۇپ، ئۇنىڭ 3 خىل مەھسۇلاتى خەلقارا ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپ، دۆلەتنىڭ كۈمۈش مىدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 7 خىل مەھسۇلاتى نېفىت مىنىستىرلىكى بويىچە مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ياخشى مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى؛ 18 خىل مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇدى مەملىكەت بويىچە 7 ئورۇندىكى نۇقتىلىق نېفىت خىمىيە كار-خانىسىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىگىدەك ئۈسكۈنىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى؛ نېفىت دۇغىنى خام ئەشيا قىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇدى قۇرۇلماقتا. ئاپتونوم رايوننىڭ 30 يىللىق تويىغىچە پۈتۈپ ئىشقا كىرىشىدۇ. پۈتكەندىن كېيىن يىلىغا 300 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك، 520 مىڭ توننا ئورىيام ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

كۆمۈر سانائىتى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر بايلىقى مول بولۇپلا قالماستىن، تۈرى تولۇق، سۈپىتى ياخشى، جايلاشقان يېرى تېيىز، قېزىش ئاسان، يەنە ئۇنىڭغا ماكانداش بولۇپ جايلاشقان، قوشۇپ

ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆپ خىل يەرلىك مىنېراللار بار، تەرەققىيات ئىس-تىقبالى كەڭ. ھازىر شىنجاڭدا چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك كاندىن 539 ى بار، شىنجاڭدىكى 86 ناھىيە (شەھەر) دىن 64 دە كۆمۈر كېنى بار. 1984 - يىلى كۆمۈر مەھسۇلاتى 14 مىليون توننىغا يېتىپ، رايونىمىزدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆمۈرگە بول-غان ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماستىن، قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارغىمۇ ياردەم بېرىلدى.

ئېلېكتر سانائىتى شىنجاڭ ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ تەركىۋى قىسمى. 1984 - يىلى شىنجاڭدا چوڭ - كىچىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى كارخانىسى 275 كە، گېنېراتور سىغىمى 1 مىليون 62 مىڭ 400 كىلوۋاتقا، يىلىغا چىقىرىدىغان توك 3 مىليارت 400 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، يېڭى ئازات بولغان چاغدىكىدىن بىر نەچچە يۈز ھەسسە، ھەتتا بىر نەچچە مىڭ ھەسسە كۆپەيدى. ھازىر ئۈرۈمچىدىكى خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 5 سائەتتە چىقارغان توكى شىنجاڭنىڭ 1949-يىلدىكى بىر يىللىق توك مىقدارىغا تەڭ كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر سانائىتىدە تايانچ خاراك-تېرلىق ئېلېكتر ئىستانسىلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، تايانچ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى مەركەز قىلىپ، قۇۋۋىتى ئوخشاش بولمىغان، جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدى-غان ئېلېكتر تورلىرى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدىكى ئېلېكتر تورىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇشۇ خۇسۇسىيەتنى گەۋدىلەندۈردى. ھازىر بۇ ئېلېكتر تورى تەرەققى قىلىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتر تورىغا ئايلاندى، ئۇنىڭ چىقارغان توكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى توكنىڭ يېرىمىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 30 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1674 كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، بۇلار 143 مىڭ 400 كىلوۋات توك چىقىرىدۇ.

شىنجاڭدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى بەك كۆپ، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بايلىقىمۇ تۈگىمەس بايلىق. بۇ — يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائى-تىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى ئۈستۈنلۈك. 30 نەچچە يىل تىرىشىش نەتىجىسىدە، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات بىلەن قول ئەمگىكى بىرلەشتۈرۈلگەن، ئومۇمى خەلق مۈ-لۈكچىلىكى بىلەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۈرى بىرقەدەر تولۇق بولغان يېنىك سانائەت - توقۇمىچىلىق سانائىتى تازمىغى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. يېنىك سانائەت قەغەز، قەن - شېكەر، يېمەكلىك، خۇرۇم، گىلەم، سۇلياۋ بۇيۇملار، سىرلىق تۆمۈر قاچا، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش سانائەت-لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توقۇمىچىلىق سانائىتى پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇم-چىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، كەندىر توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق ۋە ھەرخىل ئىلما توقۇ-

ـملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1984-يىلى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارت 662 مىليون يۈەن بولۇپ، 1955-يىلدىكىدىن 8.84 ھەسسە، 1949-يىلدىكىدىن 29.53 ھەسسە ئاشتى.

شىنجاڭدا ئازاتلىقتىن بۇرۇن ماشىنىسازلىق سانائىتى ئاساسەن يوق ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن تىراكتور، دېخانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى، ئىستانوك، پىرىسلاش ئۈسكۈنىلىرى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ئۈسكۈنىلىرى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، ئىلمىي ئەسۋاپ-ئىلمىي ئۆلچىگۈچلەر، كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئېلېكتىر ئەسۋاپلىرى ۋە مېتال بۇيۇملارنى ياسايدىغان سانائەت كارخانىلىرى، ئاپتوموبىل، تىراكتور، ماشىنىلاشقان ۋە يېرىم ماشىنىلاشقان دېخانچىلىق سايمانلىرىنى، ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىدىغان كارخانىلار تەدرىجى قۇرۇلۇپ، ھازىر 804 كە يەتتى. 1984-يىلى ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 720 مىليون يۈەنگە، مەھسۇلات تۈرى ئازكەم 300 خىلغا، ئۆلچىمى بىر نەچچە مىڭ خىلغا يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كومبايىن، كالا بېشى ماركىلىق قىرىش ئىستانوكى، شارسىمان ساقا قاتارلىق مەھسۇلاتلار خەلقارا بازاردا سېتىلدى.

شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىمۇ تېز تەرەققى قىلدى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قول بىلەن ھاك پۇشۇرىدىغان، قۇم تاسقايدىغان، خىش پۇشۇرىدىغان، تاش قېزىيدىغان بىر نەچچە كەسىپ بولغان بولسا، ھازىر سېمونت، سېمونت بۇيۇملار، ماشىنىدا قۇيۇلغان خىش، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال، فار-فۇر قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، پەداز ماتېرىياللىرى، يېڭىچە قۇرۇلۇش بوياقلىرى، غەيرى مېتال مەدەنلىرىنى قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئوخشاش نۇرغۇن سانائەت تۈرلىرى شەكىللىنىپ، نۇقتىلىق كارخانىلارنى تايانچ قىلغان، جايلارنىڭ، تارماقلارنىڭ كارخانىلىرىنى، كوللېكتىپنىڭ كىچىك كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى سىستېمىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سىستېمىسىدىكى تايانچ كارخانا بولۇپ، بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان تىيانشان ماركىلىق 5 خىل سېمونت 1979-يىلى دۆلەت بويىچە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ زاۋۇت قوللانغان خۇمدان سىرتىدا ئاجرالدۇرۇش يېڭى تېخنىكىسى 1983-يىل 8-ئايدا دۆلەتنىڭ تېخنىكا باھالىشىدىن ئۆتتى. دۆلەت ئىچى-سىرتىدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

شىنجاڭنىڭ مېتال سانائىتىمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققى قىلدى. ئۇ قارا مېتال، رەڭلىك مېتال، ئالتۇن، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللاردىن ئىبارەت

4 چوڭ تارماقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر گېئولوگىيىلىك چارلاش، ئىلمىي تەتقىقات، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، كان قېزىش، رۇدا تاللاش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەشتىن تاۋلاشقىچە بىر قەدەر مۇكەممەل، تولۇق يۈرۈشلەشكەن مۇستەقىل سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە تۆمۈر رۇدىسى، چۆيۈن، پولات، پولات ماتېرىيال، ئاليۇمىن كاللىكى، ۋولفىرام قۇمى، ئالتۇن ۋە بېرىل، ساپ لىتىي رودىسى، لىتىي ھىدرو ئوكسىدى، ئوگلى كىسلاتالىق لىتىي، خلورلاشقان لىتىي، ساپ دانتال، نىئوبىي رۇدىسى قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك مېتال ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتال سانائىتى مەھسۇلاتى 30 نەچچە خىلغا يېتىدۇ، بەزىلىرى ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى 10 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلماقتا .

( 3 )

شىنجاڭنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ 6 دىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا قاتناش-ترانسپورتنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا بىر غېرىچ تۆمۈر يول يوق ئىدى. قاتناش ئاساسەن رايون دائىرىسىدىكى ئومۇمى ئۇزۇنلۇغى 10 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان 15 رابات يولى بىلەن بولاتتى. يۈك توشۇش قوراللىرى ۋە يۈك توشۇش ئۇسۇلىدا تۆگە، ئات، ئېشەك، قوتازغا ئارتىپ توشۇش ئاساس قىلىناتتى. كونا زاماندىكى شىنجاڭدا: «تۈگىمەس جاڭگال-پۈتمەس تاغ، يولۇچىغا جەۋرى-جاپا. يازدا قاقاس، قىشتا سوغاق، سەپەرگە چىققان يولۇچىدىن قانچىسى قايتا؟ كارۋان يولىدا ئۆلگەن ئۆلۈك، دۆۋە-دۆۋە بولۇپ ياتا» دىگەن قوشاق بار ئىدى. بۇ راستلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كونا زاماندىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ۋە شىنجاڭ قاتنىشىنىڭ قالاق، قولايسىزلىقىنىڭ بايانى. 1949-يىلغا كەلگىچە، شىنجاڭدا ئومۇمى ئۇزۇنلۇغى 3000 كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان بىر نەچچىلا ئاددى تاشيول بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 500 كۋادرات كىلومېتىر يەرگە بىر كىلومېتىردىن ئاددى تاشيول توغرا كېلەتتى، ئادەتتە ئاپتوموبىل قاتنىيالايدىغان تاشيولنىڭ ئاران 40 نەچچە پىرسەنتىدە ئاپتوموبىل قاتنايتتى. چەت-ياقا رايونلاردا ئولتۇرىدىغان كۆپلىگەن قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى دۇنيادىن بىخەۋەر ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، جەمىيەتنىڭ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەردى. 1984-يىلى ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيول 22 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەككە يېتىپ،

1955 - يىلدىكىدىن 1.52 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 5.61 ھەسسە كۆپىيىپ، شەھەر بىلەن يېزىنى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان، تەرەپ-تەرەپكە كەتكەن تاشيول ترانسپورت تورى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇتقا كەلدى؛ يەنە يېڭىدىن شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى، جۇڭگو بىلەن پاكىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان قارا قۇرۇم تاشيولى ياسالدى. ھازىر ھەممە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق يەرلىرىگە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى مەيدان - تۇەنلەرگە، ئاساسلىق زاۋۇت - كان رايونلىرىغا ۋە 90% تىن ئارتۇق يېزا - بازارلارغا ئاپتوموبىل قاتناپ قالماستىن، يەنە 8200 كىلومېتىردىن ئارتۇق تاشيولغا ئاسپالت يېيىتىلدى؛ ترانسپورت قوراللىرىمۇ كۆپ ياخشىلاندى. 1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 74 مىڭغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 13.71 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 232.44 ھەسسە كۆپەيگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە 30 مىڭچە چوڭ - كىچىك رەزىنكە چاقلىق تراكتور بولۇپ، ئاساسەن ناھىيىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردا دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن يۈك توشۇيدۇ. شەھەر - يېزىلاردىكى يەككە ئائىلىلەرنىڭ يۈك ئاپتوموبىلى 2600 گە، يولۇچى ئاپتوموبىلى 2400 گە يەتتى. تاشيول ترانسپورت سېپىدە بۇ ئاپتوموبىللارمۇ پائال رول ئوينىماقتا.

شىنجاڭدا تۆمۈر يول ترانسپورتى پۈتۈنلەي ئازاتلىقتىن كېيىن ۋۇجۇتقا كەلدى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى 1958 - يىلى شىنجاڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى، ئۇدۇللۇق ياساپ، ئۇدۇللۇق قاتناپ، 1962 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە ئۇلاندى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قەدىمقى يىپەك يولىدا تۇرپاندىن كورلىغىچە بولغان تۆمۈر يول پۈتتى. 1985 - يىل 5 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قۇرۇلۇشى رەسمى باشلاندى. ھازىر شىنجاڭ دائىرىسىدىكى تۆمۈر يولدا پويىز قاتنىغان رەسمى لىنىيە 1300 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. 1984 - يىلى توشۇلغان يۈك 11 مىليون 900 مىڭ توننا، يۈك ئوبوروتى 9 مىليارت 510 مىليون توننا كىلومېتىر؛ توشۇلغان يولۇچى 25 مىليون ئادەم قېتىم، يولۇچى ئوبوروتى 2 مىليارت 570 مىليون ئادەم كىلومېتىر. تۆمۈر يول راۋان بولغاچقا، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ ئارىلىقى زور دەرىجىدە قىسقىراپ، شىنجاڭ بىلەن قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئالاقىسى قويۇقلىشىپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى گۈللەندى، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەندى.

شىنجاڭنىڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىمۇ خېلى كۆپ تەرەققىي قىلدى. ھازىر شىنجاڭدا 12 ئايرودروم، 11 ئاۋىئاتسىيە پونكىتى بار؛ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرگە ئايروپىلان قاتناپ قالماستىن، ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ، شاڭخەي، شىئەن، لەنجۇ، گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ قەرەللىك قاتناپ تۇرىدىغان ئايروپىلان بار. يېڭى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى ئۆز ئالدىغا خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئېھتىياجغا قاراپ دۆلەت ئىچىدە يېڭى ھاۋا لىنىيىلىرىنى ئېچىش ۋە چەتئەللەر بىلەن ھەمكارلىشىپ خەلقارا لىنىيىلەرنى ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا چوڭ تىپتىكى رېئاكتىپ يولوچى ئايروپىلانى قونالايدۇ، ئۇ خەلقارا ھاۋا لىنىيىسىدىكى بىر بېكەت بولۇپ، دۇنيا ئاۋىئاتسىيە خەرىتىسىدىن ئورۇن ئالدى. ھازىرقى كۈندە ئېلىمىز غەربىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپالاردىكى ئەللەر بىلەن دوستانە كەلدى-باردى قىلغاندا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن بىۋاستە ئۆتىدىغان بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا يەنە تۇرۇبا ترانسپورتى يولغا قويۇلدى، ھازىر پۈتكەن نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى 600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يىلىغا 4 مىليون توننىغا يېقىن نېفىت ئاققۇزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تاشيول ترانسپورتىغا چۈشىدىغان بېسىم كۆپ يېنىكلىدى.

شىنجاڭدا پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەردى. ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭ دائىرىسىدە، بولۇپمۇ كەڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پوچتا-تېلېگراف ئالاقە ۋاستىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، ئازات بولغاندا تۆتلا جايدا پوچتا ۋاكالەتخانىسى بولۇپ، ئاممىنىڭ خەت-ئالاقە ئىشلىرىنىڭ قىيىن بولۇشى بۇنىڭدىن مەلۇم ئىدى. 1984-يىلى شىنجاڭدا پوچتا ئىدارىسى، پوچتىخانا (پوچتا پونكىتى) 1143 كە يېتىپ، 1955-يىلدىكىدىن 1.68 ھەسسە، 1949-يىلدىكىدىن 8 ھەسسە كۆپەيدى. ھەممە يېزا-بازارغا ۋە 95% تىن ئارتۇق كەنت (داۋدۈي) كە پوچتا يېتىپ باردى؛ پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 110 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇ 1955-يىلدىكىدىن 2.1 ھەسسە، 1949-يىلدىكىدىن 6.9 ھەسسە كۆپ. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى 600 گە، تېلېگرامما يولى 300 گە يەتتى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن ناھىيىلەردە فوتو تېلېگرامما ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلدى. كاتتا بىر پوچتا تېلېگراف ئالاقە تورى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى جايلارنى، شىنجاڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىنى مەھكەم باغلاپ تۇرماقتا.

## (4)

سىرت بىلەن ئالاقە ئۈزۈلگەن، يېرىم ئۈزۈلگەن شارائىتتا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستىمالنى، شەھەر بىلەن يېزىنى باغلاپ تۇرىدىغان، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەقسىم قىلىش رولىنى ئوينايدىغان سودىنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە گۈللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىدى. ئۇ چاغدا ئىگىلىك خاراپلاشقان، خەلقنىڭ جېنى تومشۇغىغا كېلىپ قالغان، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغان، تاۋار قەھەتلەشكەن ئىدى. ئاز ساندىكى مەككار سودىگەرلەر كونا ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلاتتى، نورمال سودا پائالىيىتى ئۈجۈقتۇرۇپ تاشلانغان بولۇپ، سانائەت مەھسۇلاتى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشتا ئوتتۇرىدىكى سېلىشتۇرما باھا بەك نامۇۋاپىق ئىدى. بىر قاپ سەرەڭگە ئىككى جىڭ قوي يۇڭىغا تەڭ ئىدى؛ بىر دانە قول چىرىغى بىر قويغا تېگىشىلەتتى. ئەڭ ئاددى سايمان — كەتمەننىڭمۇ بىرسى 100 جىڭ بۇغدايغا يارايتتى؛ بىر تاختا چاي 85 جىڭ بۇغداي ياكى 8.5 جىڭ قوي گۆشىگە يارايتتى. مۇشۇنداق تەڭسىز قىممەتتىكى ئالماشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىلمۇ-خىل جازانىخورلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ھەر مىللەت خەلقنى ئۇزاقتىچە ئاچ-يالىڭاچ قالدۇردى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللى رايونلارنىڭ سودا ئىشلىرىغا بەك ئەھمىيەت بەردى. مۇھىم سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى تەقسىم قىلىشتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا ئېتىۋار بېرىدىغان مەخسۇس چارە قوللانغاندىن باشقا، چەت-ياقا رايونلارغا، چەت-ياقا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سودا كارخانىلىرىغا مەبلەغ، پايدا، باھا جەھەتلەردە ئېتىۋار بېرىدىغان «ئۆچتە ئېتىۋار بېرىش» سىياسىتىنى قوللاندى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا تارماقلىرى كەڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن دېخان-چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىپ، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن سېتىۋالدى، يەنە بىر تەرەپتىن، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى يېزىغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك ئالاھىدە تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرلۈك يوللار بىلەن ياردەم بەردى. مەخسۇس ئورگان، مەخسۇس ماگىزىن ياكى مەخسۇس پوكەي تەسىس قىلدى. ھازىر شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە كېرەكلىك تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 200 دىن، مەھسۇلاتلىرى 300 خىلدىن ئاشتى، ھەممە مىللەتلەر ئۆزىگە ئالاھىدە كېرەكلىك

تاۋارلارنى سېتىۋالالايدىغان بولدى. سانائەت، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى نامۇۋاپىق قايچىسىمان پەرقمۇ باھانى تەڭشەش ئارقىلىق تەدرىجىي تۈگىمەكتە. ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇپ 30 يىلدىن بۇيان، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىر نەچچە قېتىم ئۆستۈرۈلدى، قىسمەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پارچە سېتىش باھاسى چۈشۈرۈلدى، ھەر مىللەت دېخان - چارۋىچىلىرىنىڭ ئەمەلىي كىرىمى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. 1955 - يىلى دېخان - چارۋىچىلار 100 يۈەن پۇلغا 21 تاختا قارا چاي، 43.48 كىلوگىرام شېكەر، 333.4 بولاق سەرەڭگە، 3. 95 مېتىر خەسە سېتىۋالالىغان بولسا، 1965 - يىلى 21.28 تاختا قارا چاي 52.16 كىلوگىرام شېكەر، 400 بولاق سەرەڭگە، 108.7 مېتىر خەسە ئالالايدىغان بولدى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭدا 1980 - يىلى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىكى باھا كۆرسەتكۈچى 1950 - يىلدىكىدىن 148.6% ئۆسكەن؛ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەمىنلىگەن كۈندىلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پارچە سېتىش باھا كۆرسەتكۈچى 1950 - يىلدىكىدىن 0.76% چۈشكەن. دېمەك، دېخان - چارۋىچىلارنىڭ 1980 - يىلى 100 يۈەنلىك دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنى سېتىپ، شۇ پۇلغا سېتىۋالغان سانائەت مەھسۇلاتىنى 1950 - يىلى 100 يۈەنلىك دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنى سېتىپ، شۇ پۇلغا سېتىۋالغان سانائەت مەھسۇلاتىغا سېلىشتۇرغاندا، 141 يۈەن ئارتۇق نەپ ئالغان بولىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە شەپقىتىنى ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئەتى ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلماقتا.

دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يەنىمۇ ئوبدان قوللاش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا تېخىمۇ قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، شەھەرلەردىمۇ، كەڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ سودا تورلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پارچە ساتىدىغان سودا تور - نۇقتىلىرى ۋە يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت تور - نۇقتىلىرى 100 مىڭدىن ئېشىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 1.79 ھەسسە، 1950 - يىلدىكىدىن 2.71 ھەسسە كۆپەيگەن؛ ئۇلارنىڭ خادىملىرى 230 مىڭغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 2.42 ھەسسە، 1950 - يىلدىكىدىن 4.54 ھەسسە كۆپەيگەن. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 113 مىڭ بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 3.1 ھەسسە، 1950 - يىلدىكىدىن 28.7 ھەسسە كۆپەيگەن. سودا مۇئامىلە ساھەسىنىڭ ئەڭ كۆپ

ئۆزگەرگەن ۋاقتى يېقىنقى بىر نەچچە يىل بولدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەر-يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى توپ ساتىدىغان 2-دەرىجىلىك پونكىتلارنىڭ 62.86% ى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى؛ شەھەردە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان سودا مەركىزىدىن 5 ى قۇرۇلدى. دۆلەت ئىگىلىگىدىكى بىر قىسىم كىچىك سودا ئورۇنلىرى ۋە يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپلىرىنى باشقۇرۇشتا قويۇۋېتىش سىياسىتى قوللىنىلدى. تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىككە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇلار تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاممىۋىلىقى، باشقۇرۇش جەھەتتىكى دېموكراتىيىلىكى، تىجارەت جەھەتتىكى جانلىقلىقى ئەسلىگە كېلىپ، دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەمىنلەش-سېتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش-توشۇش رېمونت قىلىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى، ئۇچۇر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزىگە ئايلىنىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

بىر چاغلاردا «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» دەپ قىرقىپ تاشلانغان شەھەر-يېزا بازارلىرى 701 گە، يەككە تىجارەت، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 51 مىڭ 711 ئۆيلۈك، 63 مىڭ كىشىگە يەتتى. كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب، كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى، كۆپ خىل مۇئامىلە يوللىرى سودا سېپىدە مەيدانغا كېلىپ، بىر بىرى بىلەن بەسلىشىپ، بىر بىرىگە تۈرتكە بولۇپ، مىسلىسىز ئاۋاتلىشىپ كەتتى، شەھەر-يېزىلاردا بازار توقچىلىق، سودا-سېتىق قىزىپ كەتكەن مەنزىرە بارلىققا كەلدى. 1984-يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى دۆلەت سودىسى ۋە تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى سېتىۋالغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارت 573 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955-يىلدىكىدىن 10.7 ھەسسە، 1950-يىلدىكىدىن 70.45 ھەسسە ئاشقان. ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىن سېتىۋالغىنى 4 مىليارت 358 مىليون يۈەنلىك بولۇپ، 1955-يىلدىكىدىن 13.19 ھەسسە، 1950-يىلدىكىدىن 89.79 ھەسسە ئاشقان؛ رايونىمىز سىرتىدىن يۆتكەلگەنلىرى 1 مىليارت 215 مىليون يۈەنلىك بولۇپ، 1955-يىلدىكىدىن 6.18 ھەسسە، 1950-يىلدىكىدىن 39 ھەسسە ئاشقان. ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن سىرتقا ھېچقانداق نەرسە بېرىلمىگەن ئىدى. 1984-يىلى سىرتقا يۆتكەلگەن تاۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 835 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955-يىلدىكىدىن 64.7 ھەسسە كۆپەيگەن. تاۋار مەنبەسى مول بولغانلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن،

1984 - يىلى پارچە سېتىلغان ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 512 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 7.1 ھەسسە، 1950 - يىلدىكىدىن 22.2 ھەسسە ئاشقان.

شىنجاڭ تاشقى سودىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. 1950 - يىلدىن باشلاپ، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى بىر نەچچە ئېغىزئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر بىلەن سودا باشلىنىپ، يىلدىن - يىلغا كۆپ مال ئالماشتۇرۇلغان ئىدى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئوبيېكتىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. ھازىر شىنجاڭنىڭ دۇنيادىكى 50 تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا ئالاقىسى بار. 1984 - يىلى ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 617 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 1.8 ھەسسە، 1950 - يىلدىكىدىن 11.1 ھەسسە ئاشقان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 415 مىليون يۈەن بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 3.07 ھەسسە، 1950 - يىلدىكىدىن 16.1 ھەسسە ئاشقان؛ ئىمپورت سوممىسى 202 مىليون يۈەن بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 0.73 ھەسسە، 1950 - يىلدىكىدىن 6.46 ھەسسە ئاشقان. ئېكسپورت ماللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتال زۇدىسى قاتارلىق 10 نەچچە خىل يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات، نەپىس سەنئەت، يېنىك سانائەت - توقۇمىچىلىق سانائىتى، ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، مېتال سايمانلار، كان مەھسۇلاتلىرى بولۇپ ئاز كەم 200 خىلغا يەتتى. شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىدىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىمۇ كېڭەيمەكتە. 1969 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ پاكىستانىنىڭ گىلگىت ئۆلكىسى بىلەن چېگرا سودىسىنى باشلىغان ئىدى. 1981 - يىلى شىنجاڭ تاشقى سودىدا ئېكسپورتنى ئاساسەن ئۆز ئالدىغا باشقۇردى. 1983 - يىل 7 - ئايدا قورغاس، تورۇغات ئىككى قۇرۇقلۇق ئېغىزىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمپورت، ئېكسپورت سودىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ شۇيىلى 8 - ئايدا، ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە ئايرۇپىلان بىلەن تۇنجى قېتىم تىرىك قوي چىقىرىپ، ئوتتۇرا شەرق بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يول ئېچىلدى. چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ۋە چەتئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش جەھەتتىمۇ ئىش ئوبدان باشلاندى. ھازىرغا قەدەر ئىشلىتىلگەن چەتئەل مەبلىغى ۋە كىرگۈزۈلگەن چەتئەل تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى 66 مىليون يۈەنلىكتىن كۆپرەك، 14 تۈرلۈك قۇرۇلۇش پۈتتى، 9 ى قۇرۇلۇۋاتىدۇ

ياكى قۇراشتۇرۇلىۋاتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولماقتا.

شىنجاڭدا ساياھەتچىلىك يېڭى بىر كەسىپ بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېز تەرەققى قىلدى. «يىپەك يولى» دىكى مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقىلەر بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرىلەر، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» توغرىسىدىكى ئەڭگىمىلەر، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئىچكى تاشقى ساياھەتچىلەرنى قاتتىق جەلپ قىلماقتا. 1978-يىلدىن 1984-يىلغىچە شىنجاڭغا كەلگەن چەتئەل ساياھەتچىلىرى، شياڭگاڭ-ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، مۇھاجىرلار ۋە چەتئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار 46 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيادىكى 10 غا يېقىن دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن چەتئەللىك ساياھەتچىلەر 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا سىرتقا قارىتا ئېچىلغان ساياھەت ئورنى 100 دىن ئاشىدۇ، ساياھەت ئەسلىھەلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشمەكتە ۋە كېڭەيمەكتە. ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققى قىلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى كۆپىيىپ، 3-كەسىپ ئىلگىرى سۈرۈلۈپلا قالماستىن، تاشقى ئىقتىسات، تاشقى سودا ۋە پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە.

(5)

خەلق ئىگىلىكى تەرەققى قىلغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىپ بارماقتا. 1984-يىلى يەرلىك مالىيە كىرىمى 722 مىليون يۈەن بولۇپ، 1955-يىلدىكىدىن 3.17 ھەسسە، 1950-يىلدىكىدىن 31.55 ھەسسە كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇپ 30 يىلدىن بۇيانقى يەرلىك مالىيە كىرىمى جەمئى 10 مىليارت 720 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا 5.4% تىن ئاشقان. مالىيە كىرىمىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ تۈپتىن ئۆزگەردى. 1955-يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىن كەلگەن كىرىم ئاران 80 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 45% ىنى تەشكىل قىلغان بولسا، 1984-يىلى 610 مىليون يۈەنگە يېتىپ ئومۇمىي كىرىمنىڭ 85% ىنى تەشكىل قىلدى. 1-بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە (1953 — 1957) مالىيە كىرىمىدە دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى 18% ىنى تەشكىل قىلغان بولسا، 6-بەشيىللىق پىلان مەزگىلىگە كەلگەندە (1981 — 1984) دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنىڭ مالىيە كىرىمىدىكى سالمىقى 9.5% كە چۈشكەن.

بۇ.ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى ئاساسىدىن پۈختا ئورۇن ئالغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىدۇ.

يەرلىك مالىيە كىرىمىدىن باشقا، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭغا مالىيە جەھەتتە ناھايىتى جىق ياردەم بەردى. 1955 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، دۆلەتنىڭ رايونىمىزغا بەرگەن مالىيە ياردىمى 14 مىليارت 700 مىليون يۈەن، مەركەزنىڭ تارماقلىرى شىنجاڭغا سالغان مەبلەغنى قوشقاندا 20 مىليارت يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى مالىيە كىرىمىدىن بىر ھەسسە كۆپ دېيەرلىك. مالىيە خامچوتى جەھەتتىمۇ دۆلەت شىنجاڭغا كۆپ ئېتىۋار بەردى، خامچوتنىكى تەييارلىق پۇلنى ئادەتتىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭكىدىن كۆپرەك قىلدى. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن تەسىس قىلغان زاپاس مەبلەغدىن رايونىمىزغا ھەر يىلى مەلۇم نىسبەتتە بېرىپ تۇردى. باجنى باشقۇرۇش جەھەتتە بولسا، جانلىق ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كۆپرەك بەردى. شۇنداق قىلغاچقا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققى قىلدى، ھەر ساھەنىڭ مەبلەغقە بولغان ئېھتىياجى خېلى ياخشى قاندۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى مالىيە چىقىمى جەمئى 24 مىليارت 970 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا 9.7% تىن ئاشقان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگىنى 14 مىليارت 200 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمى مالىيە چىقىمىنىڭ 57% ىنى ئىگىلىگەن؛ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگىنى 6 مىليارت يۈەن بولۇپ، ئومۇمى چىقىمىنىڭ 24% ىنى ئىگىلىگەن؛ مەمۇرى باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە باشقا چىقىملار ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 4 مىليارت 770 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمى چىقىمنىڭ 19% ىنى تەشكىل قىلغان. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، كەسپىي ئىشلارغا قىلىنغان چىقىم خېلى دەرىجىدە كۆپەيدى. 1980 يىلدىن 1984 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم ئۈچۈن بېرىلگەن مەبلەغ 1 مىليارت 410 مىليون يۈەن بولۇپ، ئازاتلىقتىن كېيىنكى 35 يىلدا يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىلگەن ئومۇمى پۇلنىڭ 40.6% ىگە تەڭ كېلىدۇ. مەدەنىيەت مائارىپ ۋە ئىجتىمائى پاراۋانلىق خىراجىتى ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 1984 - يىلىلا 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقۇرى سەۋىيە يارىتىلدى. بۇلارنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئېتىۋار بېرىشى ۋە قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

(6)

شىنجاڭنىڭ مائارىپ، سەھىيە، پەن تەتقىقات ئىشلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

بىلەن يېقىندىن باغلانغان، بىللە تەرەققى قىلغان.

ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ مائارىپ، سەھىيە، پەن تەتقىقات ئىشلىرى نا-
هايىتى قالاق ئىدى. 1949 - يىلى 1 ئالى مەكتەپ، 36 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى،
379 ئوقۇغۇچى بار ئىدى؛ ھەر خىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپتىن 20 سى، 306
ئوقۇتقۇچى، 4900 ئوقۇغۇچى بار ئىدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىن 1335 ى، 7700 ئو-
قۇتقۇچى، 197 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ھەر خىل ھەر دەرىجىلىك مەكتەپ-
لەردىكى ئوقۇغۇچىلار شۇ چاغدىكى ئومۇمى نوپۇسنىڭ 4.69% نى ئىگىلەيتتى.
تىببى داۋالاش ئاپاراتىدىن 54 ى، كېسەل كارۋىتىدىن 696 سى بولۇپ، ھەر
6225 كىشىگە ئاران بىردىن كارۋات توغرا كېلەتتى ؛ھەر خىل تىببى تېخنىك خادىملار 388
بولۇپ، ھەر 11 مىڭ 167 كىشىگە ئاران بىردىن توغرا كېلەتتى. پەن تەتقىقات ئىشلىرى گويا
ئاق قالغان يەر ئىدى. ئۇ چاغدا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپ يۈزى
كۆرمىگى ناھايىتى تەس ئىدى، كەڭ يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياش، قىران-
لارنىڭ 90% تىن كۆپرەكى ساۋاتسىز ئىدى؛ ساۋاتلىقلار ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن
تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 86% نى تەشكىل قىلاتتى. دېھقان - چارۋىچىلار ئاغرىپ قالسا
داۋالىتالمايتتى، ئۇلارنىڭ سالامەتلىگى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. يېڭى تۇغۇلغان
بوۋاقلار كۆپ ئۆلۈپ كېتەتتى، بەزى جايلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى
جىق ئازلاپ كەتكەن ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ھەر جەھەتتە
قىيىنچىلىق كۆپ بولسىمۇ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى
كۆزلەپ، مەدىنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن
قوللىدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 1955 - يىلغىچە ئالى مەكتەپ 3 كە، مەخسۇس
ئوقۇتقۇچى 474 كە، ئوقۇغۇچى 2125 كە؛ ھەر خىل ئوتتۇرا مەكتەپ 79 غا، مەخ-
سۇس ئوقۇتقۇچى 1481 گە، ئوقۇغۇچى 34 مىڭ 846 گە؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 2014 كە، مەخ-
سۇس ئوقۇتقۇچى 11 مىڭ 300 گە، ئوقۇغۇچى 388 مىڭ 291 گە يەتتى. ھەرخىل ھەر دەرى-
جىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئومۇمى نوپۇستا تۇتقان نىسبىتى
8.3% كە كۆتىرىلدى. تىببى داۋالاش ئاپاراتلىرى 376 گە، كېسەل كارۋىتى 5991
گە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 854 كىشىگە بىردىن كارۋات توغرا كەلدى، ھەر
خىل سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 6302 گە يېتىپ، ھەر 812 كىشىگە بىردىن توغرا
كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەخسۇس تەتقىقات ئورگىنىدىن 7 سى قۇرۇلۇپ، ئىشچى-
خىزمەتچىسى 168 گە، تەتقىقات خادىمى 23 كە يەتتى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىلدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەق-

قى قىلىشقا، مالىيە كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ، سەھىيە، پەن تەتقىقات ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە يېڭى تۈس ئېلىپ، تۈپ ئۆزگىرىش ياسىدى. 1984 - يىلى ئالىي مەكتەپ 13 كە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 3.3 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 12 ھەسسە كۆپەيدى. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 5109 غا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 8.9 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 141 ھەسسە كۆپەيدى؛ ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانت 80 گە يەتتى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 609 غا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 8.2 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 50.7 ھەسسە كۆپەيدى. ھەر خىل ئوتتۇرا مەكتەپ 2243 كە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 27.4 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 111 ھەسسە كۆپەيدى؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 62 مىڭ 600 يۈزگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 41.3 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 203.7 ھەسسە. ئوقۇغۇچى 935 مىڭغا يېتىپ، 1955 يىلدىكىدىن 25.8 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 189.8 ھەسسە كۆپەيدى. باشلانغۇچ مەكتەپ 8253 كە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 3.1 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 5.2 ھەسسە كۆپەيدى؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 101 مىڭغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 7.94 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 12.12 ھەسسە. ئوقۇغۇچى 1 مىليون 963 مىڭغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 4.1 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 8.9 ھەسسە كۆپەيدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 94.2% ى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى. ھەر خىل ھەر دەرىجىلىك مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 21.7% ىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، چوڭلار مائارىپى، كەسپىي مائارىپ، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، جەمئىيەت قۇرغان مەكتەپلەرمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى كۆپ تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇپ 30 يىلدىن بۇيان، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 38 مىڭ 500 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 153 مىڭ 800 نەپەر، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 2 مىليون 818 مىڭ 300 نەپەر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا كۆپلەپ كەسپىي خادىملار ۋە سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەر تەييارلاپ بېرىلدى.

شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلدى. 1984 - يىلى مەملىكەت بويىچە ھەر خىل، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1 مىليون 408 مىڭغا يېتىپ، ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ 17.4% نى تەشكىل قىلدى. ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇۋاتقان پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى نىسبىتى: ئالىي مەكتەپلەردە

57.14%، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا 54.54%، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 31.33%، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 55.90%.

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى 3251 گە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 7.65 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 59.2 ھەسسە كۆپەيدى. كېسەل كارۋىتى 62 مىڭ 700 گە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 9.5 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 89 ھەسسە كۆپەيدى. ھازىرقى نوپۇس بويىچە ھېساپلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 214 كىشىگە 1 دىن توغرا كېلىدۇ؛ ھەر خىل تىببىي تېخنىك خادىملار 68 مىڭ 300 گە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 9.8 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 175 ھەسسە كۆپەيدى، ھازىرقى نوپۇس بويىچە ھېساپلىغاندا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 196 كىشىگە 1 دىن توغرا كېلىدۇ. ھازىر رايونىمىزدا شەھەر، يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا - بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش، دورا تەكشۈرۈش، ئالىي، ئوتتۇرا دوختۇرلۇق، دوردىگەرلىك مەكتەپلىرىدىن تەركىب تاپقان داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىسى شەكىللەندى. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن زور بىر تۈركۈم تىببىي تېخنىك خادىملار يېتىشىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 18 مىڭ 700 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقۇرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي تېخنىك خادىملار 4 تىن بىر چامىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىببىي داۋالاش ئىشلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇپ 30 يىلدىن بۇيان، مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ داۋالاش ئاپپاراتىدىن 29 ى قۇرۇلدى، بەزى ناھىيە، يېزا دوختۇرخانىلىرى مىللىي داۋالاش بۆلۈمى قۇردى. ھازىر مىللىي شىپاخانىلارنىڭ كېسەل كارۋىتى 705 گە يەتتى؛ مىللىي دوختۇرلار 818 گە يېتىپ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بۇرۇنقى دوختۇر، دورا كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگەردى، ئاما كېسەل بولسا ۋاقتىدا داۋالىنالمايدىغان بولۇپلا قالماستىن، ئۇزۇندىن بۇيان ئېغىر ئاپەت بولۇپ كەلگەن يەرلىك كېسەل، يۇقۇملۇق كېسەل، كۆپ پەيدا بولىدىغان كېسەللەرنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇلار تېزگىنلەندى، كېسەل بولىدىغانلارنىڭ نىسبىتى كۆپ تۆۋەنلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي سۈپىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇپ 30 يىلدىن بۇيانقى تىرىشچانلىق ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. 1984 - يىلى ھەر خىل مۇستەقىل پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 108 گە، غەيرىي مۇستەقىل پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 54 گە

يەتتى، ئىككىسىنى قوشقاندا، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان چاغدىكىدىن 22 ھەسسە كۆپەيدى؛ تەبىئى پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېخنىك خادىملار 161 مىڭ 600 گە يەتتى، پەن تېخنىكا خادىملىرى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمى نوپۇسنىڭ 1.2% ىنى تەشكىل قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىمۇ بىر ۋاراقى بەزى مۇستەقىل ۋە غەيرى مۇستەقىل تەتقىقات ئاپاراتلىرى قۇرۇلدى. بۇ تەتقىقات ئاپاراتلىرى خىزمەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى تۆھپىلەرنى ياراتماقتا. 1981 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تىزىمىغا چۈشكەن پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 521 بولۇپ، ئۇنىڭدىن 51ى دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا مەلۇم قىلىنغان زور پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان ياخشى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 181.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت، رادىيو - تېلېۋىزىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى ھەم كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

(7)

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تۈپ مەقسىدى — ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، كەڭ ئاممىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش. ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش بىلەن بىللە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

بىرىنچى، ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بارلىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە لايىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ بولغانلىقى، ئازادلىقتىن كېيىن تۈرلۈك ئىشلار تېز راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا قەدەر ھەر يىلى يېتىلىپ چىققان ئەمگەك كۈچلىرى ئاساسەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كەلگەن ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقىرىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق ئىگىلىكى گۇمران بولاي دەپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 50 - يىللاردىن باشلاپ تۇغۇت نىسبىتى يۇقىرى، ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن، تەبىئى كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، نوپۇس بىردىنلا كۆپىيىپ كەتتى. شۇڭا 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جەمئىيەتتە بولۇپمۇ ئادەم زىچراق جايلاشقان شەھەر - بازارلاردا زىيالىي ياشلارنى ئاساس قىلغان ئىشسىز خادىملارنىڭ ئىش كۈتۈش مەسىلىسى يۈز بې-

رىشكە باشلىدى ، يەنە كېلىپ يىلدىن - يىلغا ئېغىرلاشتى. بۇ مەسىلىنى تۈبدىن ھەل
قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مەخسۇس ئاپپارات تەسىس
قىلىندى ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر تەڭشىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرى كەڭ
ئېچىلدى . 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە جەمئىي 893 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇ-
رۇلدى. ئۇلاردىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 740
مىڭ 700 كىشى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 152 مىڭ
300 كىشى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر-
نىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليون 646 مىڭ نەپەر بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 10 ھەسسە،
1949 - يىلدىكىدىن 91.8 ھەسسە كۆپەيدى. ئۇنىڭدىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى
ئورۇنلاردا 2 مىليون 321 مىڭ كىشى بولۇپ، 87.7% نى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى
ئورۇنلاردا 326 مىڭ كىشى بولۇپ، 12.3% نى، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەت-
چىلىرى 660 مىڭ كىشى بولۇپ، 25% نى ، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر 1 مىليون
50 مىڭ كىشى بولۇپ . 40% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا، شەھەر - بازارلار -
دىكى يەككە ئەمگەكچىلەر 100 مىڭغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 33.4 ھەسسە
كۆپەيگەن.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئاشقان ئاساستا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىرىمە -
نىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدى. 1984 - يىلى رايونىمىزدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر-
نىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1104 يۈەن بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 31.8% ، 1949 -
يىلدىكىدىن 93.1% ئۆسكەن؛ يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە دارا -
مەت 357 يۈەن، ئۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىن تەقسىم قىلىنغىنى 1980 - يىل -
دىكىدىن % 71.6 ، يېڭىدىن كوپېراتسىيىلەشكەن 1956 - يىلدىكىدىن 1.63 ھەسسە ئاشقان.
پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلەت
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى
ئۆستۈرۈپ، باھادىكى پەرقنى بىرىدىغان تۈرلۈك قوشۇمچە ياردەمنى كۆپەيتىپ ۋە
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنى ئازايتىپ، دېھقانلارغا
نۇرغۇن پايدا يەتكۈزدى. 1979 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە ھەر مىللەت دېھقان - چار -
ۋىچىلىرىغا بېرىلگەندىن تەككەن پايدا 950 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
يىلىغا 319 مىليون يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. كىرىمنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، شەھەر - يېزا
ئاھالىسىنىڭ ئائىلىسىدە ئوتتۇرا، يۇقىرى باھالىق چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى
ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. تىپىك تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونە-

مىزنىڭ شەھەرلىرىدە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 100 ئائىلىدە 71 تېلېۋىزور بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10 دانە كۆپەيگەن. ئۈنئالغۇ 35 دانە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12 دانە كۆپەيگەن. كىر ئالغۇ 50 دانە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17 دانە كۆپەيگەن. يېزىدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 100 ئائىلىدە 67 دانە ۋېلىسىپىت بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10 دانە كۆپەيگەن. رادىيو 51 دانە بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 دانە كۆپەيگەن. ئۈنئالغۇ 5 دانە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 دانە كۆپەيگەن. تېلېۋىزور 5 دانە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 دانە كۆپەيگەن. شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىمۇ ئۇدا كۆپەيمەكتە. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاھالىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 6 مىليارت 798 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 28.3% ئاشقان.

ئۈچىنچى، شەھەر - يېزىلاردىكى ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرار جاي شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەھەر - بازارلاردا 34 مىليون 425 مىڭ كۇۋادىرات مېتىر ئۆي سېلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە سېلىنغان ئۆي 11 مىليون 448 مىڭ كۇۋادىرات مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 1 مىليون 858 مىڭ كۇۋادىرات مېتىر ئۆي سېلىنغان. بۇ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيان ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر يىلى سېلىنغان بىر مىليون 187 مىڭ كۇۋادىرات مېتىر ئۆيدىن 56.5% كۆپ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇرۇن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر يىلى سېلىنغان 843 مىڭ كۇۋادىرات مېتىر ئۆيدىن 1.2 ھەسسە كۆپ. يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ ئۆي سېلىش دولقۇنى يىلدىن - يىلغا ئۆرلىمەكتە. 1982 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە جەمئىي 930 مىڭ 800 كۇۋادىرات مېتىر، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 310 مىڭ 300 كۇۋادىرات مېتىر ئۆي سېلىنغان. سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ سۈپىتىمۇ كۆپ ئۆستى. ھازىر مەيلى شەھەردە، مەيلى يېزىدا بولسۇن، ئۆي قىسلىقى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيدى.

تۆتىنچى، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بازار باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ئاساسەن ساقلىدى. مال باھاسىغا باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك كۈچەيتىلگەنلىكتىن، ھەر قايسى مەزگىللەردە مال باھاسى بەك ئېگىز - پەس بولىدىغان ئەھۋال ئاساسەن كۆرۈلمىدى. مەسىلەن، 1955 - يىلى 1950 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پارچە سېتىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 4.8% چۈشكەن. دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 84.4% ئۆرلىگەن، يېزىدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پارچە سېتىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 20.3% چۈشكەن. سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشتىكى باھا پەرقى

56.8% قىسقارغان. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىن-
دىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن،
دۆلەت بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى پىلانلىق تۈردە، زور دەرىجىدە تەڭشىدى،
قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھاسىنى پۈتۈنلەي بازار ئارقىلىق تەڭشىدى. جەمئىيەتتە پارچە
سېتىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى سەل ئۆرلىگەن بولسىمۇ، دۆلەت دېھقانچىلىق،
چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرگەنلىد-
گى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆستۈرگەنلىكى ۋە قو-
شۇمچە يەمەكلىكلەر ئۈچۈن پۇل قوشۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر، يېزىلاردىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمەلىي كىرىمى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۆپەيدى،
سېتىۋېلىش كۈچى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، تۇرمۇشى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستى. ئۇندىن
باشقا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئىگە - چاقىسىز يېتىم، قېرى، مېيىپ، ناردىسىدىلەرنى
بېقىش ۋە كەمبەغەل ئائىلە، كەمبەغەل جايلارنى يۆلەش جەھەتتىمۇ نۇرغۇن خىزمەت
ئىشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن ھەر قانداق كونا دەۋردە قىلغىلى بولمايدى-
غان ئىشلار.

(8)

شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا، ئىشلەپچىقىرىش -
قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى سەل چاغلاشقا بولمايدىغان ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش-
قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنى ئاساس قىلغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىگىلىكى — ھەم
ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى، ھەم شىنجاڭ ئىقتى-
سادىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە زور ئۈستۈنلۈكى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇ-
لۇش بىڭتۈەن ئىگىلىك تىكلەش باسقۇچىدا پۈتۈنلەي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق
ئازاتلىق ئارمىيىسى تەركىۋىدىكى قىسىملاردىن تەركىپ تاپقان. 1949 - يىلى 10 -
ئايدا، يولداش ۋاڭ جېن جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۈەنىنىڭ 2 -،
6 - جۈنلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ 3 ۋىلايىتىدە مىللىي ئىنقىلاپ
ئېلىپ بارغان 5 - جۈن بىلەن قوشۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە
قايتقان قىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، 22 - بىڭتۈەن قىلىپ تەشكىللىدى. يولداش
ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، قىسىملار بىر قولىغا مىلتىق، بىر قولىغا كەتمەن
ئېلىپ، نەنىنۋەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى
زىممىسىگە ئالدى. 1950 - يىلدىن باشلاپ، قىسىملار بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق،

سانائەت ۋە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى ھەم مۇشكۇل شارائىتتا كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكنى قىسىپ، شىنجاڭدا 1-تۈركۈمدە زامانىۋى زاۋۇت، كان كارخانىدىن 40 نەچچىسنى قۇردى، پۈتكەندىن كېيىن ھەممىسنى يەرلىك ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1952-يىل 2-ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىكى خادىملارنىڭ كۆپ قىسمىنى كوللېكتىپ ھالدا ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش قىسمى قىلىپ ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1953-يىلغا كەلگەندە، قىسىمدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئاشلىق، گۆش، كۆكتات، تۇزنى پۈتۈنلەي ئۆزى تەمىنلىدى. 1954-يىل 12-ئايدا مەركەزنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بۇ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش قىسمى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قىلىپ تەشكىللەندى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بېسىپ ئۆتكەن يول شەرەپلىك ھەم ئەگرى-توقاي، 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ غالجىرلارچە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان، كېيىن يەنە بىر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ-بىر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، سورۇقچىلىق تارتقان بولسىمۇ، كەڭ ھەربى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاسرىشى، يار-يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەممە جەھەتتە ئەلگە ئايان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1984-يىلى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 249 مىڭ 900 كىشىگە يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 16.72% نى تەشكىل قىلىپ، 1955-يىلدىكىدىن 9.88 ھەسسە كۆپەيگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 913 مىڭ 200 كىشى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 39.4% نى تەشكىل قىلىپ، 1955-يىلدىكىدىن 7.14 ھەسسە كۆپەيگەن؛ سانائەت-يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارت 598 مىليون يۈەن بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 22.18% نى تەشكىل قىلىپ، 1955-يىلدىكىدىن 19.87 ھەسسە كۆپەيگەن.

ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە ھازىر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىدىن 169 ى، 1 مىليون 400 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر بار، ماشىنىلارنىڭ ئومۇمى كۈچى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 10 مىڭ مو يەرگە 907.75 ئات

كۆچمەدىن توغرا كېلىدۇ؛ 83 سۇ ئامبىرى بار، 2 مىليارت 220 مىڭ كۇب مېتىر سۇ سىغىدۇ؛ 750 مىڭ مو باغۋاران، 16 مىليون مو يايلاق بار. 1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 1 مىليارت 267 مىڭ يۈەن بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 27.84% نى تەشكىل قىلىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 20.34 ھەسسە ئاشقان. ئاشلىق مەھسۇلاتى 2 مىليارت 271 مىڭ جىڭ بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ 22.93% نى، پاختا 1 مىليون 810 مىڭ دەن بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە پاختا مەھسۇلاتىنىڭ 47.06% نى. يىل ئاخىرىدا قوتاندا ساقلانغان چارۋا 2 مىليون 827 مىڭ 700 تۇياق بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئومۇمى چارۋىنىڭ 9.35% نى تەشكىل قىلغان. يۇقۇرقى مەھسۇلاتلار بويىچە ئۆزىنى تەمىنلەپ قالماي، دۆلەتنى كۆپلىگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ليەندۈيلەردە «ئۇچنى بېكىتىش، بىردە مۇكاپاتلاش» تىن ئىبارەت «مالىيىنى ھۆددىگە بېرىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ھازىر ئېچىش خاراكتېرلىق دېھقانچىلىق مەيدانى 950 كە، يېڭىدىن ئاچقان بوز يەر 120 مىڭ موغا، يېڭىدىن پايدىلانغان سۇ يۈزى 100 نەچچە مىڭ موغا يەتتى. بىرمۇنچە ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇش بىلەنلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، 1984 - يىلى ئاشلىقنى ئەڭ كۆپ تاپشۇرغان بىر ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى 420 مىڭ جىڭ تاپشۇرغان.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ سانائىتىمۇ خېلى ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدى. 1984 - يىلى زاۋۇت، كان - كارخانىلار ئاز كەم 700 گە، سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارت 331 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 22.23% نى تەشكىل قىلىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 19.43 ھەسسە ئاشقان. ئۇ ئىشلەپچىقارغان پاختا يىپ شىنجاڭ بويىچە 32.44% نى، پاختا رەخت 33.33% نى، تەۋىت رەخت 48.66% نى، يۇڭ رەخت 31.33% نى، فابرىكا قەغىزى ۋە قاتتىق قەغەزلەر 55.59% نى، قەن - شېكەر 56.61% نى، ئىچىملىكلەر 33.33% نى، كۆمۈر 22.87% نى، سېمونت 25.60% نى تەشكىل قىلغان؛ قىسمەن مەھسۇلاتلىرى دۆلەت،

دىخانچىلىق - ئورمانچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى ياكى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ياكى مۇنەۋۋەر مەھسۇلات قىلىپ باھالانغان، بەزى مەھسۇلاتلىرى خەلقارا بازاردىن ئورۇن ئالغان.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە ھازىر 5800 دەك كىرا ئاپتوموبىلى بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 8.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. 1984 - يىلى توشۇغان يۈك 7 مىليون توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 9.3% نى، يۈك ئوبوروتى 14.79% نى تەشكىل قىلغان؛ يولۇچى ئوبوروتى 1 مىليارت 910 مىڭ ئادەم كىلومېتىرغا يەتكەن.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ سودا ئىشلىرى بۇرۇن خېلى تەرەققىي قىلغان ئىدى، ئۇلار ئوقەت قىلىشقىمۇ ئۇستا ئىدى. « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »دا قاتتىق ۋەيران بولدى، ھازىر ئەسلىگە كەلمەكتە. 1984 - يىلى بىڭتۇەنىنىڭ سودا نۇقتىلىرى 10 مىڭ 400 گە، سودا ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 16 مىڭغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ 14% نى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 966 مىليون بولۇپ، 18.9% نى تەشكىل قىلغان. ئىمپورت، ئېكسپورت سودىسىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىگىلىكى بىر خىل مۇستەقىل ئىقتىسادىي سىستېما بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە بىر يۈرۈش خېلى مۇكەممەل باشقۇرۇش ئاپپاراتى بار. بۇ سىستېما ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇئامىلىنى ئۆتەشتىن باشقا، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، ئاخبارات - نەشرىيات ئىشلىرىنى ئۆتەيدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىگىلىكىنىڭ كۈچىنى ئاساس قىلىپ، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، ئارالغا ئوخشاش ھەم شەھەر، ھەم يېزا خۇسۇسىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم يېڭىچە شەھەرلەر مەيدانغا كەلدى، كەڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا 3 ئالىي مەكتەپ، نۇرغۇن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا، تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بار؛ چېگرا رايوننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىغان ئون مىڭلىغان ياشلار مەملىكىتىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىن كېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ تېز ئۆستى، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىغا تونۇلغان مۇتەخەسسىس، ئالىم، يازغۇچى ۋە قەھرىمان - نەمۇنىچىلارغا ئايلاندى.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىن باشقا، يەرلىكلەرگە تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۈزلۈكسىز ياردەم بەردى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، يەرلىكلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەكشۈرۈپ لايىھەلەپ بەرگەن بوز يەر 26 مىليون 429 مىڭ 600 مو، ياساپ بەرگەن ئېرىق - ئۆستەڭ 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە 2156 ئەسلىھە بار، بۇ سۇقۇرۇلۇشلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىكلەر 4 مىليون مو يەردىن دارامەت ئالغان. يەرلىكلەرگە ياردەم قىلغان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى 285 مىڭ دانە (قېتىم) دىن ئاشىدۇ، ئۇرۇق 49 مىليون 574 مىڭ 800 جىڭ، ھەيدەپ بەرگەن يەر 3 مىليون 170 مىڭ مو، تېرىپ بەرگەن يەر 30 مىليون400 مىڭ مو، ئورۇپ بەرگەن زىرائەت 1 مىليون 100 مىڭ مو، ئايرىپ بەرگەن دان 100 مىليون جىڭدىن ئاشىدۇ. يەرلىكلەرگە تەربىيىلەپ بەرگەن ئىختىساسلىق خادىم 30 مىڭغا يېقىن. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يەنە ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق روھنى جارى قىلدۇرۇپ، بەزى 3 - دۇنيا ئەللىرىگە ياردەم بەردى. بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، مىللىي رايوننىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، خەلقىمىزنىڭ 3 - دۇنيا خەلقى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەجايىپ رول ئوينىدى.

(9)

ئازاتلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۇچقۇشلۇق بولغان ۋاقىتلارمۇ بولدى، ئەگرى - توقاي يوللارنى باسقان، چېكىنىپ كەتكەن، شۇنىڭدەك كەتكۈزۈپ قويغان، ئۇچقۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان چاغلارمۇ بولدى. لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە يەنىلا شانلىق، ئۇلۇغ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيىسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى، ھەممە سەپلەردە بىرمۇنچە ئورتاق تەجرىبىلەر توپلاندى.

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن، ھۆكۈمران سىنىپلار كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئېزىدىغان مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تارىخ ئاياقلىشىپ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان، ئورتاق بېيىش، گۈللىنىش يولىغا ماڭىدىغان يېڭى دەۋر باشلاندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 30 نەچچە يىللىق تەجرىبىسىدىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىلا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولالايـ

دىغانلىقىنى، جۇڭگونى سوتسىيالىزىملا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى، جەمئىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايمىز دەيدىكەنمىز، ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا سوتسىيالىزم يولىدا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىنىڭ قىبلىنامىسى.

پارتىيىنىڭ شانلىق مىللىي سىياسىتى ئېلىمىزدە تارىختىن قېپقالغان مىللىي مەسىلىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە كونكرېت تەدبىر بىلەن تەمىنلىدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا، مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەندە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرى چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلغاندا، زىيان بولىدىغانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى. ھەر مىللەت خەلقى يېڭى جەمئىيەتنى كونا جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە - ساۋاقلار ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى، شىنجاڭدەك كۆپ مىللەتلىك رايوندا، ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، كەڭ كادىرلار بىلەن ئامما پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستە مەھكەم تۇتۇشى، خەنزۇ خەلقى ئازسانلىق مىللەت خەلقىدىن، ئازسانلىق مىللەت خەلقى خەنزۇ خەلقىدىن ئايرىلالمايدۇ، دەيدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇشى لازىم. بۇ — تېچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشنىڭ، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنىڭ جەمئىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

شىنجاڭ — چېگرا جاي، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونى، نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۆزگىچە ئەھۋالى ۋە كونكرېت ئالاھىدىلىكى بار. شۇڭا تۈرلۈك خىزمەتلەردە پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش تولىمۇ مۇھىم. 30 نەچچە يىللىق تەجرىبە كىشىلەرگە شۇنى چۈشەندۈردىكى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ھەرگىز ئىچكىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ياكى « بىر تاياقتا ھەيدەش » چارىسىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسى قوبۇل قىلالىغىدەك كۈرەش نىشانى ۋە ئەمەلگە ئاشىدىغان كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. شۇنداق

# گۈزەل، باي شىنجاڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز



تيانشاندىكى چاي          شۇشۇجۇ

«ئىجادىيەت. مول ھوسۇل. خۇشاللىق» (تام رەسىملىرىدىن پارچە) ليۇبىڭخۇي جۇلىڭ







چارۋىچىلار بىلەن بىللە يۈرۈپ كېسەل داۋالاش (مىللىي رەسىم) شۈشۈجۇ

ھۈنەر ئۆگىتىش (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر







كىگىز ئۆيدىكى مېهمان (مىللى رەسىم)
لى جۇ

شىرىن پەسىل (مىللى رەسىم) كاڭ شوزېڭ





ئۇنتۇلغۇسىز ئۇزۇن كېچە

مۇقام (ماي بوياق رەسىم)
جىنايى ھۆكۈم (ماي بوياق رەسىم)

غازى ئەمەت



قىلغاندا، سۇبيېكتىپچانلىق ئىللەتلىرىدىن ساقلانغىلى، خىزمەتتە زىياننى ئازايتقىلى بولىدۇ.

ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرىمەن دەيدىكەن، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ۋە ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن ئىقتىسات، تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك. 30 نەچچە يىللىق تەجرىبىلەر شۇنى تولۇق كۆرسەتتىكى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزراق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ پائال ياردىمى بولمىسا، تاشقى ئىقتىسات، تاشقى سودا پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلمىسا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش بۇندىن كېيىن بارغانسېرى مۇھىم بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىز كۈنسېرى ئىلگىرىلەۋاتقاندا، نەتىجىلىرىمىز كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتقاندا، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تەھلىل قىلىشىمىز؛ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەندە، ئېرىشكەن نەتىجىلەر بىلەن كەلگۈسىدىكى پارلاق ئىستىقبالنى كۆرۈشىمىز لازىم. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئاساسىدىكى بۇنداق قاراش — بىر خىل قۇدرەتلىك ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر شىنجاڭدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا مۇشۇنداق قاراشتا چىڭ تۇرغاندىلا قارىغۇلۇقنى ئازايتىپ، ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىپ، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەنزىلگە يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. بۇرۇنقى نەتىجىلەرگە نەزەر سېلىش ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشتىن مەقسەت ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ چوڭ تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش. 1983-يىلى خۇياۋباڭ، جاۋزىياڭ يولداشلار ئىلگىرى-كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ، خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: شىنجاڭ — تېپىلمايدىغان، بايلىقى مول، يوشۇرۇن كۈچى زور، ئىستىقبالى گۈزەل جاي، بۇندىن كېيىن غەربىي شىمالنى ئېچىشتا شىنجاڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شىنجاڭ كېلەركى ئەسىردە باشلىنىدىغان كەڭ كۆلەملىك ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ھازىردىن باشلاپ ياخشى ئىشلىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. بۇ — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىلھام ۋە سەپەرۋەرلىك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خۇياۋباڭ، جاۋزىياڭ يولداشلارنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا، يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي تەھلىل قىلىش

ئاساسىدا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىگى-نىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاش، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا-ھالدىن يۇقۇرىراق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھازىر پۈتۈن شىنجاڭ يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە ئىسلاھات روھى بىلەن، مۇسا-بىقىلىشىش قىياپىتى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، كۆرەشكە ئاتلىنىپ، بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىلغار رايونلار بىلەن بولغان ئارىلىقنى تەدرىجى قىسقارتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئىشىنىمىزكى، پارتىينىڭ توغرا فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىگىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار-نىڭ غەمخورلۇغى ۋە ياردىمىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، چوقۇم يېڭى، ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ شانلىق كېلەچەكنى كۈتۈۋالىدۇ!

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسات تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باش گەنسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسات ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

جۇمەخۇن تەرجىمىسى

# شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خادىملىرىدىن تەر- كىپ تاپقان پەن تەتقىقات قوشۇنى پارتىيىمىز تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە

گۇ باۋ

1

شىنجاڭ — ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدا كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە بىر ماكان. مەيلى تەبىئىي پەن ساھەسىدە بولسۇن، ياكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بولسۇن، ئىزدىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان زور تەتقىقات تېمىلىرى، ھەتتا بىردىن - بىر ئۆزىگە خاس تەتقىقات تېمىلىرى بار. شۇڭا، شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەن تەتقىقاتلىرى ئەزەلدىنلا دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە، چاررۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ياللانما ئالىملىرى تەكشۈرۈش، ساياھەت قىلىش دېگەن ناملار بىلەن، تۈركۈم - تۈركۈملەپ شىنجاڭغا كېلىپ، خەرىتە سىزىش، ئاخبارات توپلاش، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلاش ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك جىنايى سۇيىقەستى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇلاردىن باشقا ئەستايىدىل ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان بەزى چەتئەل ئالىملىرىمۇ بار. مەسىلەن، كۇسان يېزىقى، كىنگىت يېزىقى، قاروشتى يېزىقى قاتارلىق قەدىمقى يېزىقلارنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئەنە شۇ قاتارغا كىرىدۇ.

كونا جۇڭگودا، ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، شۇنچە چوڭ شىنجاڭدا بىرەر تەتقىقات ئاپاراتى ھەتتا بىرەر ئاتاقلىق كەسپىي تەتقىقات خادىمىمۇ يوق ئىدى. مەملىكەت ئىچىدىمۇ شىنجاڭنى تەتقىق قىلى-

دىغان تەتقىقات ئاپپاراتى يوق ئىدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى ئالىملار ئىنتايىن مۈشـكۈل شارائىتتا، شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىچىش خاراكتىرلىق تـەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىدى. ئـۇلارنىڭ ئىلىم ـ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش روھى كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىشىگە تېگىشلىك. ئەلۋەتتە. ئۇ چاغلاردا قاتناشنىڭ قىيىنلىقى، بولۇپمۇ خىراجەتنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن، شۈبىگشىۋ (تارىخشۇناس)، يۈەن دۇنلى (گېئولوگ) ، خۇاڭ ۋېنبى(ئارخېئولوگ) قاتارلىق بىر نەچچىلا ئالىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا ئالىملارنىڭ ھېچقايسىسى شىنجاڭغا كېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، ئۆمرى بويى يازما ھۆججەتلەرگە تايىنىپلا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىدى. بەزى ئالىملار، مەسىلەن شياڭ دا، فېڭ جياشېڭ ئەپەندىلەر تـاكى ئازاتلىقتىن كېيىنلا شىنجاڭغا كېلىپ ئەمىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىـش پـۇرسىتىگە ئىگە بولالىدى؛ بەزى ئالىملار، مەسىلەن فېڭ چېڭجۈن، چېن يۈەن ، چېن جۇگمىيەن ئەپەندىلەر ياشىنىپ قالغانلىقتىن، شىنجاڭغا كېلىشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق. يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەن شۈبىگشىۋ قاتارلىق بىر مۇنـچە ئـالىم قـاتـنـاشقـان غـەربىي شىمـال ئىلمىي تـەكـشۈرۈش ئۆمىكى 1927 ـ يىلى يازدا بېيپىگدىن چىقىپ، باۋتۇغا كەلـگەنـدە تۆگىگەمىنىپ شىمالىي يايلاقنى بېسىپ ئـۆتـۈپ شىنجاڭغا كەلگەن، سەپەر جەمـى 20 ئاي داۋام قىلغان. شۇ ئارىلىقتا 48 كـۈن ئادىمزات يـاكى ئىس ـ تۈتۈن كۆرۈپ باقمىغان، نەچچە قېتىم ئوزۇق تۈگـەپ ئـاچ قېلىش خەۋپىگـە دۇچكەلگەن. 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىش ئالدىدا، شۈبىگشىۋ ئەپەندى .(«شىۋ شېڭ» دىگەن تەخەللۇستا) مۇنداق بىر پارچە ئۇزۇن شېئىر يازغان :

قاپلىغان تەگرى تېغىنى زۇلـمەت كەبى قىش زىمىستان،
ئۆتەر جاندىن ئۆرۈپ كەلگەن بۇ مۇدھىش جۇت ـ شۇرغان،
قىلمىدى ھېچ كار، شۇنچە قېلىن پىما ـ جۇۋا ھەم چاپان،
كىگىز ئۆيىمۇ خۇددى دالا ، نەدىدۇر ئىللىق ماكان.

... ... ... ... ... ... ...

جاپا ـ مۇشەققەت ئىچرە چەكسەڭ قانچە رىيازەت،
تاپارسەن ئۇندىن تۈگىمەس ھوزۇر، چەكسىز ھالاۋەت.

... ... ... ... ... ... ...

يىگىت بولساڭ كېزىپ ئالەم قىلغىن سەپەر،
بولسىمۇ يولۇڭدا قانچە جاپا ـ مۈشكۈل خەتەر.

(ئەسكەرتىش: شېئىرنىڭ ئاردىلىغىدىكى مىسرالار قىسقارتىلدى - ت)
غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ جەريانى
شۈبىڭشيۇ ئەپەندى يازغان «شۈشيۇسىڭنىڭ غەرپكە قىلغان ساياھەت خاتىرىسى» ۋە
يۈەن دۇنلى ئەپەندى يازغان «ئىچكى موڭغۇل ۋە شىنجاڭغا قىلىنغان بەش يىللىق
سەپەر خاتىرىسى» دە تەپسىلى بايان قىلىنغان. ياش ئىلىم-پەن خادىملىرى بۇ ئىككى
كىتابنى ئوقۇپ چىقالىسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم نۇرغۇن تەربىيە ئېلىشى مۇمكىن. لۇشۇن
ئەپەندى شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، «شۇ شيۇ شېڭ-
نىڭ غەرپكە قىلغان ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ نەشر دىن چىقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىل-
غان. بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، شۇ چاغدىكى غەربىي
شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش خىراجىتىنى چەتئەللىك ئالىم سۋېن ھېدىن غەملى-
گەن، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ خىزمىتى شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ قاتمۇ-
قات توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچرىغان. بۇ پاكىت ئازاتلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا پەن تەتقى-
قات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2

1949 - يىلى شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە مىللى
سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىدا مىسلىسىز
زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: (1) تەبىئى پەن ۋە
ئىجتىمائى پەن جەھەتتىكى زور تۈركۈم پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئارقىمۇ-ئارقا
تەسىس قىلىندى؛ (2) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان پەن
تەتقىقات قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى ھەمدە بۇ قوشۇن ئۈزلۈكسىز تولۇقلانماقتا
ۋە ئۆسمەكتە؛ (3) بۇ پەن تەتقىقات قوشۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئىككى مەدىنى-
يەت» قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى پەن تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، بەزى تۈرلەرنى
يەنە دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلگەن تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ زور ئۆزگى-
رىشلەرنى ئالاھىدە يېزىشقا تېگىشلىك.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىدا تەت-
قىقات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، بۇ، تارىختىن بۇيان شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئىجتى-
مائى پەن جەھەتتىكى تۇنجى تەتقىقات ئاپپاراتى ئىدى. بۇ تەتقىقات ئىشخانىسى 1950-
يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دىخانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدا
ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئىجتىمائى تۇرمۇش

جەھەتلەردە نۇرغۇن تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بىر مۇنچە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى يېزىپ چىقتى. شۇ چاغدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە تەتقىقات ئىشخانىسى بىرلىكتە تۈزۈپ باسقان 6 توملۇق تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى توپلىمى بۈگۈنكى كۈندە ئەينى زاماندىكى جەمىيەت ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

1955 - يىلى، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق دېخانچىلىق - ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، كېيىن راۋاجلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئايلاندى. كېيىن يەنە ئۇنىڭدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە چارۋىچىلىق - چارۋا دوختۇرلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۆلۈنۈپ چىقتى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىمۇ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلدى. بۇ تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، دېخانچىلىق ماشىنىلىرى، چارۋا دوختۇرلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى.

1956 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، گوۋۇيۈەن شىنجاڭدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا يوليورۇق بەردى. شۇ چاغدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شۇ يىلى قۇرۇلغان جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى بەلگىلىدى: (1) شىنجاڭدا بەش يىلغىچە ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، (2) جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا ياردەملىشىش. 1957 - يىلى ئەتىيازدا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبە ئاكادېمىيىسىدە تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە بىئولوگىيە، تۇپراق، گېئولوگىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى ھەم تەجرىبە ئىشخانىسى قۇرۇشنى بەلگىلىدى. كېيىن، تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى تەرەققىي قىلىپ مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا ئايلىنىپ، رايون تارىخى، مىللەتلەر تارىخى، ئارخېئولوگىيە، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. تەبىئىي پەن جەھەتتىكى بىر قانچە تەتقىقات گۇرۇپپىسى راۋاجلىنىپ، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، بىئو - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىغا ئايلاندى. دەسلەپتە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاستىدا 5 چوڭ مەمۇرى رايوندا شۆبە ئاكادېمىيە بار ئىدى. شىنجاڭ شۆبە ئاكادېمىيە مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق ئۆلكە،

ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە بىردىن - بىر ئۆلكە دەرىجىلىك شۆبە ئاكادېمىيە ھېساپلىنىدۇ. بۇ، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1978 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئىككى يىلدىن ئارتۇق تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىنىپ، 1981 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەسمى قۇرۇلدى. ھازىر، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تارىخ، مىللەت، دىن، ئارخېئولوگىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، مىللەتلەر تىلى، مىللەتلەر ئەدەبىياتى، پەلسەپە - قانۇن تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەسىس قىلىنىپ بولدى. بۇ تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىغا ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ۋە «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلىنى نەشر قىلدى (خەنزۇچىسى قوش ئايلىق بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلىدۇ، ئۇيغۇرچىسى پەسىللىك بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدە تارقىتىلىدۇ).

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى زاۋۇت، كان، كارخانىلىرىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر مۇنچە تەتقىقات ئاپاراتلىرىنى قۇردى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى تەتقىقات ئاپاراتلىرىدا ئىشلەۋاتقان پەن تەتقىقات خادىملىرى تەخمىنەن 6 مىڭغا يېتىدۇ. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، مەملىكەت بويىچە «پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورۇنلىرى پەقەت 40 ئەتراپىدىلا بولۇپ، مەخسۇس پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە تەجرىبە - سىناق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملا ئاران بىر نەچچە يۈزگىلا يېتەتتى. پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە ئەقەللىي لازىم بولىدىغان ئۆي - ئۈسكۈنىلەرمۇ كەمچىل بولۇپ، خىراجەت ئۈچۈن ئاجرىتىلىدىغان پۇلمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى» (نيې رۇڭجېن: «ئېلىمىزنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى»غا قارالسۇن). بۇنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چوڭراق بىر تەتقىقات ئاپاراتىغىمۇ يەتمەيدىغانلىقى ئېنىق. ھازىرقى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەبىئىي پەنلەر بويىچە جەمئى 108 تەتقىقات ئاپاراتى (بۇنىڭ 20 سى مەركەزگە قاراشلىق) بولۇپ، كەسپىي تەتقىقات خادىملىرى 5 مىڭ

200 گە يېتىدۇ. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائى پەنلەر بويىچە 20 تەتقىقات ئاپاراتى بولۇپ، ئۇلاردا ئىشلەۋاتقان تەتقىقات خادىملىرى 781 نەپەر. ھازىر تەبىئى پەنلەر بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەخسۇس ئىلمىي جەمىيەت 70 بولۇپ، ئەزالىرى 25 مىڭ 833 نەپەر؛ ئىجتىمائى پەنلەر بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەخسۇس ئىلمىي جەمىيەت 45 بولۇپ، ئەزالىرى 10 مىڭغا يېتىدۇ. مانا بۇنداق زور ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدا، بىز كونا جەمىيەت بىلەن يېڭى جەمىيەتتىكى پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئىككى دۇنيا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي تۇرالا يمىزمۇ!

3

ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىدىن چىققان پەن تەتقىقات خادىملىرى بار. بىر قىسىم ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات خادىملىرى ھەر قايسى تەتقىقات ئاپاراتلىرىنىڭ تايانچلىرىغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنە ئاكادېمىيە ۋە تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىمەكتە. قېرىنداش مىللەتلەردىن چىققان بۇ تەتقىقات خادىملىرى پەن تەتقىقات ئاپاراتلىرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى، نۇرغۇنى شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ناھايىتى ئاز سانلىقلىرى ئازاتلىقتىن كېيىن چەتئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا، بۇ ياش تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى ئىچكى رايونلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىكى تەتقىقات ئورگانلىرى ۋەئالى مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلىپ، دەرسخانا تەربىيىسى ۋەتېخنىكا تەجرىبىلىرى ئارقىلىق بىلىمى ئاشۇرۇلدى.بىلىم ئاشۇرۇش ۋاقتى بەزىلىرىنىڭ 3 - 4 يىلغىچە بولدى؛ بەزىلىرى تۇرلۇك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىگە، مەسىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئۇنئۇچ يىل تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ئەۋەتىلىپ، ئىچكى رايونلاردىن كەلگەن ئالىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دالا تەكشۈرۈشنى قانداق ئېلىپ بېرىش ۋە تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى قانداق يېزىش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگەندى. ئەينى يىللاردا پەن تەتقىقات بوسۇغىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان شاگىرتلار بۈگۈنكى كۈندە بىر مۇنچە پەن تارماقلىرىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا قىلغان غەمخورلۇغى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پەن تەتقىقات كادىرلىرىنىڭ تېزدىن ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىشەنچلىك كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەرگەنـ

لىگىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇندىن ئىلگىرى ھەر مىللەت پەن تەتقىقات كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى مۇندىن كېيىنمۇ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، پەن تەتقىقات تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بۇ پەن تەتقىقات قوشۇنىنى يەنە ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ۋە ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى، ئۈسكۈنە - جابدۇقلىرى ۋە كىتاپ - ماتېرىياللىرىمۇ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ غەمخورلۇقى ھەمدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، تېزلىكتە بارلىققا كەلگەن ۋە تولۇقلانغان. مەسىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى ئالساق، 1956 - يىلى ئۇنى قۇرۇش تەييارلىقى باشلانغان ئىدى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يامۇ - يىل مەبلەغ سېلىشى (ئاپتونوم رايونىمۇ مەبلەغ سالدى) بىلەن، 700 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى بىر پارچە يەرگە پەن تەتقىقات رايونى ۋە تۇرمۇش رايونى قۇرۇپ چىقىلدى. تەييارلىق خىزمىتى باشلىنىش بىلەنلا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نۇرغۇن تەجرىبە ئەسۋاپلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە چوڭ تىپتىكى نازۇك ئەسۋاپلارمۇ بار. شۇنىڭدەك بىر قېتىمدا شەرقىي شىمالدىن 50 مىڭ پارچە پەن - تېخنىكا كىتاپلىرىنى يۆتكەپ بەردى. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ساقلاپ كەلگەن تارىخقا دائىر 3 مىڭ پارچە قەدىمقى كىتاپلارنى ھەدىيە قىلدى. بېيجىڭ قەدىمقى خان ئوردىسى مۇزېيىمۇ زور بىر تۈركۈم قىممەتلىك قەدىمقى كىتاپلارنى تەقدىم قىلدى، سىرتقى رەڭلىك كىمخاپ بىلەن تاشلانغان بۇ قەدىمقى ئەسەرلەرنىڭ نادىر نۇسخىلىرى بۇرۇنقى چاغلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتلىرىلا بەھرىمەن بولالايدىغان، باشقىلارنىڭ كۆرۈشى چەكلەنگەن كىتاپلار ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرى خالىغان چېغىدا كۆرۈپ پايدىلىنىدىغان كىتاپ بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ شۆبە ئاكادېمىيىسىنى قۇرۇش ئىشى يېڭىلا باشلانغان چاغدا، مەن بەزى شەرقىي ياۋروپا ئالىملىرىنى كۈتۈۋالغان ئىدىم، ئۇلار تەجرىبىخانىلاردىكى بىر مۇنچە چوڭ تىپلىق نازۇك ئەسۋاپلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «چېگرا رايوننىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلا

مەبلەغنى ئايىماي ساپتۇدە!» دېيىشتى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، مەن يەنە ياپونىيە، ئامېرىكا، كانادا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا - يېقىن شەرق ئەللىرىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەلگەن يۈزلىگەن ئالىملارنى كۈتۈۋالدىم. ئۇلارغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى ۋە ھەر مىللەت خادىملىرىدىن تەركىپ تاپقان پەن تەتقىقات قوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچە كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. بۇنداق بولۇشى، ئازاتلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىلىم - پەن خىزمەتچىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇپ، پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولدى. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە تەتقىقات نەتىجىلىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەر مىللەتتىن چىققان بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات خادىملىرى مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پەن تەتقىقات سېپىدىكى ئىلغار شەخسلەر بولۇپ باھالاندى. بۇ يەرگە كەلگەندە، بىز جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، خىمىيەشۇناس يولداش پېڭ جيامۇنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز: ئۇ قانچە يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ كېسەل بولۇشىغا قارىماي خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى. ئۇنىڭ «باشقىلار ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىش» روھى بارلىق پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقتۇر. بۇ يەردە بىز يەنە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئالىمى يولداش توجژىنمۇ ئەسلىمەي تۇرالمايمىز: ئۇ شىنجاڭدا 40 يىل باش چۆكۈرۈپ ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى بويىچە زور بىر تۈركۈم ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە پەن تەتقىقات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئۇنىڭ بىر مۇنچە خىزمەتداشلىرى ۋە شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىش ئىزلىرىنى ھۆرمەت نەزىرى بىلەن تاھازىرغىچە ئەسلەيدۇ. ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە يىراق! بىز پېشۋالارنىڭ، يول ئاچقۇچىلارنىڭ ھايات چېغىدا شىنجاڭنىڭ بۇ كەڭ زېمىنىدا جاپا بىلەن بېسىپ ئۆتكەن ئاياق ئىزلىرىنى مەڭگۈ قەدىرلەيمىز!

## 4

ئازاتلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پەن تەتقىقات خىزمەت-

چىلىرى ۋە مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى رەتلەش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ـ قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت. جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى، ماھىيەتتە، مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملاشقان گەۋدىسى. لېكىن كونا جۇڭگودا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار دەۋرىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى كەمسىتىش ۋە خاراپ قىلىنىشقا ئۇچراپ كەلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە دىققەت ـ ئېتىۋارغا سازاۋەر بولدى.

ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، خاراپ بولغان ھەممە ئىشلارنى يېڭىۋاشتىن ئىشلەشكە توغرا كەلگەن ئەشۇ پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كۈچ تەشكىللەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ گەۋھىرى — «12 مۇقام»نى جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، نوتىغا ئېلىنغان«12 مۇقام» نىڭ پۈتۈن قىسمىنى ئىككى توملۇق ئەسەر قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئەسەر 1960 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرلىكتە نەشر قىلىندى. بۇ گىگانت ئەسەر نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى، شۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 12 مۇقامنى تولۇق ئېيتالايدىغان بىردىن ـ بىر ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىسى تۇردى ئاخۇن 1956 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. بۈگۈن كىشىلەر 12 مۇقامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىنى ئەسلىگەندە، ئۇنىڭدىن خوشاللانماي تۇرالمايدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قىرغىز خەلقىنىڭ ئېپىك داستانى «ماناس» نى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە، بۇ خىزمەت مەجبۇرى ھالدا ئۈزۈپ قويۇلغان ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بۇ داستانىنى توپلاش ـ رەتلەش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قىرغىز يېزىقىدىكى «ماناس» داستانىنىڭ بىرىنچى تومىنى بۇ يىل نەشردىن چىقاردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ ئېپىك داستانى «جانگىر» نى رەتلەش خىزمىتىگە كىرىشكەن ئىدى. بۇ داستان 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن موڭغۇل يېزىقىدا نەشر قىلىندى، بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ھازىر ئىشلىنىۋاتىدۇ.

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تىل ئالىمى مەھمۇت قەشقىرى ئەرەپ تىلىدا يازغان « دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك » (« تۈركى تىللار دىۋانى »)، ئەدىبىياتچى يۈسۈپ. خاس. ھاجىپ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئالەمگە مەشھۇر ئەسەرلەردۇر. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ دۇنيادا ئالىقاچان كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بولسىمۇ، لېكىن تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى، جۈملىدىن خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ يوق ئىدى، بۇئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ۋە ئېچىنارلىق ئىش، ئەلۋەتتە. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دىن كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى يولداشلار قېرىنداش ئورۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى گىگانت ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى ئىشلەپ پۈتتۈردى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى 1984 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى؛ «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئۈچ توممۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ بولدى. بۇ ئىككى گىگانت ئەسەرنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىمۇ ئۇدۇللۇق نەشر قىلىنماقچى.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى زامان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس ئاپارات — ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتاپلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، بۇ خىزمەتكە كونكرېت رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك پىلانلاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، ئۇ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش جەھەتلەردە زور رېيال ئەھمىيەتكە ئىگە. يەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ھامان مۇئەييەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، زور تەتقىقات نەتىجىلىرى قانچە كۆپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ئىلىم ـ پەن ئەمەلىيىتىنىڭ چېنىقىشىدىن ئۆتكەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى شۇنچە كۆپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا، مىللەتلەرنىڭ مىللى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش

تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە، نەتىجىلەرنىڭمۇ چىقىشى، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭمۇ چىقىشى — بۇ، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان چوڭ ئىش، ئەلۋەتتە.

## 5

1949 - يىلى شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، مەن ئىلگىرى كېيىن بولۇپ شىنجاڭنىڭ ئۈچ پەن تەتقىقات ئورگىنىدا 30 نەچچە يىل ئىشلىدىم. ئىلىم - پەن سېپىدىكى بىر كونا جەڭچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىم پەقەت ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان پاكىتلار ھەم ئۆزەمنىڭ شەخسەن ھىس قىلغانلىرىمدىنلا ئىبارەت. شۇڭا، بۇنىڭدا زور چەكلىمىنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭدەك، مەن ئۆزەم ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىسى بولغانلىغىم ئۈچۈن، بايانىمدىكى مەزمۇننىڭ كۆپرەك سالمىغى مۇشۇ جەھەتتە بولۇشىمۇ تەبىئى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ قىسقا ماقالەمنى تەبرىك سوغىسى قىلىپ سۇنماقچىمەن.

ئېزىز يۇسۇپ تەرجىمىسى

# شىنجاڭنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىغىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بەزى ئويلىرىم

دۇڭ فۇرېن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىغىغا 30 يىل بولدى. بۇنى زور داغدۇغا بىلەن تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ. مۇشۇنداق تەبرىكلەش بولۇۋاتقان پەيتتە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىغىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بەزى يۈزەكى ئويلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى ۋە ئىقتىساتشۇناسلىق قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى پۈتۈنلەي يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش جەريانى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ئىقتىسات تەتقىقات ئورنى ۋە باشقا تەتقىقات ئاپپاراتلىرى (مەسىلەن ئىقتىسات تەتقىقات مەركىزى) بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرلۈك مەكتەپلەردە ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. يەنە ئادەم سانى تېخىمۇ كۆپ بولغان، كونكرېت ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بۇنداق بىر ئىقتىساتشۇناسلىق قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، شۈبھىسىزكى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ قوشۇن ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىدا خېلى نەتىجىلەرنى ياراتتى. بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە نەشر قىلىنغان ژۇرناللار (مەسىلەن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق) ھەمدە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى باشقا ژۇرناللاردا، شىنجاڭدىكى ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭ بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى ماقالىلار خېلى ئوبدان يېزىلغان.

بىز يەنە شۇنىمۇ خوشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، شىنجاڭدا ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملاردىن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، كىشىلەر ئەنە شۇ ئىلمىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا شىنجاڭلىق كەسپداشلارنىڭ كەڭ ئىلمىي بايانلىرىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭدەك، ئىچكى رايونلاردا ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملاردىنمۇ، شىنجاڭغا كېلىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى كەسپداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، شىنجاڭنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بىرلىكتە مۇھاكىمە يۈرگۈزگۈچىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى خوشال قىلىدىغان ئىشلار.

يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز ۋە ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، تارىخىي سەۋەپلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىنى بەزى ئىچكى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخى دىگەندەك ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇنچە مەسىلىلەر بار.

بىرىنچى، ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىكى ئوقۇتۇش - تەتقىقات خىزمىتىدە ھازىرقى بار كۈچلەرنى تەشكىللەش مەسىلىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن ئىچكى رايونلاردىكى بەزى ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ، بولۇپمۇ مەكتەپلەردىكى، ئىقتىسات ئىلمى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ: بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن كۆپرەك كۈچ چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىساقمۇ، لېكىن بۇنىڭغا پۇرسەت يوق، دەپ ئاغرىنغانلىقىنى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، بىزدە ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ ئىزدىنىپ مۇھاكىمە قىلىشى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر مۇنچە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە چوڭ بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ — تەشكىللەش مەسىلىسى، يەنى قانداق قىلىپ ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ كۈچىنى تەشكىللەپ، ئۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئىزدىنىپ ھەل قىلىشقا قاتناشتۇرۇش مەسىلىسى. بۇ جەھەتتە تيەنجىن شەھرىنىڭ بىر تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىشقا ئەرزىيدۇ. تيەنجىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىر قاتار چوڭ تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى ئىقتىساتشۇناسلار ۋە بەزى ئىقتىسادىي خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش دوكلادى يېزىپ چىقىش ھەمدە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئويلىشىپ كۆرۈشى ئۈچۈن كونكرېت تەكلىپ-

لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تاپشۇرغان. بۇنداق قىلىش مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورۇن-
لارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا توغرا تەدبىرلەرنى تاللىشىغا ياردەم بېرىپلا قالماس-
تىن، بەلكى ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ ئەمەلىيەتنى چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە
تەتقىقات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى پايدىلىق بولغان. شىنجاڭدىمۇ
باشقا رايونلارغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىق جەمىيىتى ۋە تۈرلۈك ئىقتىسادىي
ئىلىم تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسات تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق ئاپپاراتلىرى بار. بۇ ئاپپا-
راتلار گەرچە خېلى چوڭ رول ئويناۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شۇلارغىلا تايىنىپ شىنجاڭنىڭ ئىق-
تىساتشۇناسلىق ساھەسىدىكى چەكلىك كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش تېخى يېتەرلىك
بولمايدۇ. بۇ ئاپپاراتلاردىن باشقا، يەنە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورۇن-
لىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت ساھەسىدىكى كۈچ-
لەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلى-
رى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولغان تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنىڭ-
غا مۇناسىۋەتلىك شەرت - شارائىتلار (مەسىلەن خىراجەت، ماتېرىيال قاتارلىق)
بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ھازىر بار ئىقتىساتشۇناسلىق خادىملىرىنىڭ ئىلىم ۋە كەسپىي سەۋى-
يىسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى. ئەمەلىي ئېھتىياج تەلەۋى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەيلى
شىنجاڭدىكى، مەيلى باشقا رايونلاردىكى ئىقتىساتشۇناسلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى
تېخى ئۇيغۇنلىشالمايدۇ. ئېھتىمال، بۇ مەسىلە شىنجاڭدا تېخىمۇ گەۋدىلىكرەك بولۇشى
مۇمكىن. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەپ، ئۇلارنى ئۆستۈرۈش پۇرسىتى ۋە شەرت-
شارائىت كەمچىل. ئىقتىسات ئەمەلىيىتى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلماقتا. ھەر قانداق
ئادەمنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىمى تېز تەرەققى قىلىۋاتقان ئەمەلىيەت
ئالدىدا كەملىك قىلىدۇ ۋە كونىراپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىمنى دائىم يېڭىلاپ،
كەسپىي سەۋىيىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىر چارىسى، يۇقۇرقى
بىرىنچى نۇقتىدا ئېيتىلغاندەك، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆز بىلىمىنى تولۇقلاش ۋە ئۆس-
تۈرۈش كېرەك. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۈرلۈك
شەكىلدىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. شىنجاڭدىكى ئىقتىساتشۇناس-
لىق خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ جەھەتتە بىر پايدىسىز ئامىل مەۋجۇت، چۈن-
كى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبىدىن، ئىچكى رايونلار (بولۇپمۇ ئىقتى-

ساتشۇناسلىق راۋاجلانغان رايونلار) بىلەن بولسۇن ياكى چەتئەللەر بىلەن بولسۇن، ئىلىم ئالماشتۇرۇشتا بىر ئاز قىيىنچىلىق بار. ئىلىم ئالماشتۇرۇش — ئىقتىساتشۇناسلىق خادىملىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم بىر شەرت. شۇنداق بولغاچقا، مېنىڭچە، شىنجاڭدىكى ئىقتىساتشۇناسلىق خادىملىرىنى ئىچكى رايونلار ۋە چەتئەللەر بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا تېخىمۇ كۆپرەك ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. ئالماشتۇرۇشنىڭ شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ھەر قايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش، ئىچكى رايونلار ۋە چەتئەل ئىقتىساتشۇناسلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىش، ياكى شىنجاڭدىكى كەسپداشلار بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئورتاق مۇھاكىمە قىلىش ۋە باشقىلار. يەنە بىر خىل ئۇسۇل بار، بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولۇشى مۇمكىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دىن ئىلگىرى، بەزى ئۆلكىلەر بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان، يەنى ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ئىچكى رايونلاردىكى مەكتەپلەرگە، تەتقىقات ئورگانلىرىغا ئەۋەتىپ، ئۇيەردىكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىگە قاتناشتۇرغان (بۇ، ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ). يېقىندىن بۇيان، بارغانسېرى كۆپلىگەن چەتئەل ئىقتىساتشۇناسلىرى شىنجاڭغا زىيارەت قىلىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، شىنجاڭدىكى كەسپداشلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاتناشسا بولىدۇ، بۇنداق قىلىش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن پايدىلىق، ئەلۋەتتە. بۇ جەھەتلەردە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى رايونلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ھەتتا دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورگانلىرىمۇ شىنجاڭغا زور دەرىجىدە مەدەتكارلىق قىلىشى ۋە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ئىقتىساتشۇناسلىق خىزمىتىدە كۈچىنىڭ بىر قەدەر مەركەزلەشتۈرۈلگىنى مۇۋاپىق. بەزى جايلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاپاراتلارنى كۆپلەپ قۇرۇش ئانچە ياخشى چارە ئەمەسكەن. مەسىلەن، بەزى ئۆلكىلەر مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭكىگە توغرىلاپ، بىر قانچە ئىقتىسات تەتقىقات ئاپاراتلىرىنى قۇرغان، ھەر بىر ئاپاراتتا بىر نەچچىلا كىشى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەمۇرىي رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەيدىغان ئادەم قويغان. نەتىجىدە كۈچ چېچىلىپ، بارغانسېرى كۆپلىگەن ئىقتىساتشۇناسلىق خادىملىرى ئۆز كەسپىدىن ئاجراپ كەتكەن. شىنجاڭدا بۇ خىل ئەھۋال تېخى يۈز بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ھەر قانداق چوڭ ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە ئىقتىسادىي نەزەرىيە مەسىلىسى، كۆپ پەن خاراكتېرىدە بولۇپ، ئۇنى شۇ پەن-

لەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەندىلا ئاندىن ئوڭاي ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ھازىر بارغانسېرى شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋاتىمىزكى، بىر مۇنچە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئىشتىراكىسىز ھەل قىلىش تەس بولۇۋاتىدۇ؛ ئاپپارات قانچىكى كۆپ قۇرۇلسا، قانچىكى ئىنچىكىلەپ ئايرىلسا، كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە شۇنچە پايدىسىز بولۇۋاتىدۇ. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىقتىساتشۇناسلار قوشۇنى كىچىك بولغاچقا، ئاساسلىق كۈچنى بەزى ئاساسىي نەزىرىيە مەسىلىلىرىنى ئىزدىنىشكە قويۇش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئاساسلىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدا نۆۋەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان زور ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتىش كېرەك. بۇ يەردە كۈچنىڭ ئۈستۈنلۈك ۋە ئاجىزلىق مەسىلىسى بار. ئاساسىي نەزىرىيە مەسىلىلىرىنى ئىزدىنىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ كۈچى ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاجىزلىقنى دەرھال ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، شىنجاڭنىڭ رىيال ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ئىزدىنىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈككە ئىگە. يەنى ئۆلكىرىلەپ ئېيتقاندا، ئەگەر شىنجاڭنىڭ رىيال ۋە زور ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كەم دېگەندە مەلۇم دائىرىدە (مەسىلەن غەربىي شىمال رايونى، قىسمەن غەربىي جەنۇب رايونىدا) ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە نەزىرىيىۋى چۈشەنچە ۋە ئەمەلىي يەكۈن ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىقى ئۈچۈن ئۆزگىچە تۆھپە قوشقانلىق بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشمۇ مۇشۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ۋە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ جەھەتتە تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر تۇرۇپتۇ. مەن بىر ئىقتىسادىي نەزىرىيە خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇشۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ رول ئويناشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ ھېسابلايمەن.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى — مەشھۇر ئىقتىساتشۇناس، ئۇ ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

# باھانى چوقۇم ياخشى ئىسلاھ قىلىش كېرەك

لى جيەنجۇ

1

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز باھانى پىلانلىق باشقۇرۇش، مۇقىم مال باھاسىنى يولغا قويۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، باھا سىستېمىسىنىڭ تارىختىن قېپ قالغان نامۇۋاپىق تەرەپلىرىنى بىر ئاز تەڭشىدۇق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈپ، قايچا سىمان پەرقنى قەدەممۇ - قەدەم ئازايتتۇق؛ كۆمۈر، ياغاچ ماتېرىيال قاتارلىقلارنىڭ باھاسىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆستۈردۇق. بەزى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ باھاسىنى كۆپ قېتىم چۈشۈردۇق. بۇنىڭ بىلەن يېقىلغۇ ماتېرىيال ۋە ئايرىم خام ئەشيالار باھاسىنىڭ بەك تۆۋەن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى بىر ئاز تۈزەلدى؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئايرىم مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ رايون پەرقى كۆپ قېتىم مۇۋاپىق ھالدا تەڭشەلدى. بۇلار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن «سول» يېتەكچى ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن، قىممەت قانۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى تەڭشەش رولىنى تونۇش يېتەرلىك بولمىدى. باھانى باشقۇرۇشتا قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولىنى ئاڭلىق تەدبىقلاشمۇ ناھايىتى يېتەرسىز بولدى، شۇڭا، باھانى تەڭشەش ئارقىلىق باھا سىستېمىسىنىڭ نامۇۋاپىق تەرەپلىرى ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولۇپ كەتمىدى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان باھا سىستېمىسىدا قالايمىقانچىلىق خېلى بار. نۇرغۇن تاۋارلارنىڭ باھاسى قىممىتىنىمۇ، تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشىغا، ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەنە يېڭى باھا مەسىلىلىرىمۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، قىممەت قانۇنىنى تېخىمۇ ياخشى تەدبىقلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تاۋار باھاسى-

نىڭ تاۋار قىممىتىدىن ئېغىر ھالدا چەتلەپ كېتىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش، كار-خانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك نەتىجىسىگە توغرا باھا بېرىش، تېخنىكىنىڭ ئالغا بېسىشىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا ماددىي ئەشيالارنىڭ راۋان ئالماشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ھەم باھانى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر.

پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» دا مۇۋاپىق «باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىقتىسادىي پىشاڭنىڭ رولىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش» تەلەپ قىلىندى ھەم «باھا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش — پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچقۇچ» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ يەردە باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مەلۇم يۈكسەكلىككە كۆتىرىلىشى سەۋەپسىز ئەمەس. چۈنكى باھانى ئىسلاھ قىلىش باشقا ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىغا ھەر جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى بەلگىلەيدۇ. باھا ئىسلاھ قىلىنمىسا، پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروتقا تەسىر يېتىدۇ.

2

قىممەت قانۇنى سوتسىيالىزمنىڭ خاس قانۇنى ئەمەس، لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت شارائىتىدا، قىممەت قانۇنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەر سىستېمىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى ھېساپلىنىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ — ئوبيېكتىپ پاكىت. شۇڭا بۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى تەدبىقلاش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. قىممەت قانۇنى يەنىلا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىغا خاس قانۇن. ئېنگېلس ئۇنى «ھەققەتەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ قانۇنى» دېگەن ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان، بىزنىڭ، قىممەت قانۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. بولۇپمۇ پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ تاۋار ئىكەنلىكىنى، قىممەت قانۇنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەش رولىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىمىز، شۇنىڭدەك باشقا تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان باھا سىستېمىسىدا ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا، ساۋاقلارنى چوڭقۇر ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ۋە قوبۇل قىلىپ، بالدۇرراق تەڭشەش لازىم.

باھانىڭ خەلق ئىگىلىگىدىكى ئورنى ۋە رولى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ — خەلق ئىگى-
لىگىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىنكاسى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى
باشقۇرۇشتىكى مۇھىم پىشاڭى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە باھانىڭ رولى ئىشلەپچى-
قىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە، سوتسىيالىستىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىش-
نىڭ بارلىق ساھەلىرىگە، خەلق ئىگىلىگىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك.
باھا توغرا، مۇۋاپىق بولسا، خەلق ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ،
نامۇۋاپىق بولسا، خەلق ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتىنى توساپ قويىدۇ. باھا ئېغىر
دەرىجىدە نامۇۋاپىق بولسا، ھەتتا خەلق ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتىنى بۇزىدۇ. بەزى
تاۋارلاردا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئۇزاققىچە تەڭپۇڭ بولمىسا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە
ئىستېمالنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، خەلق ئىگىلىگىنىڭ پىلانلىق، نىسبەتلىك تەرەققى
قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، باھانى ئۆستۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش ئارقى-
لىق ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن ئوبوروتىنى تەڭشەش، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ
سېلىش يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش مۇمكىن. باھا خەلق ئىگىلىگىدىكى ئىشلەپچىقى-
رىش، ئوبوروت ۋە ئىستېمالنى تەڭشەشتە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ
تۈرلۈك ئىقتىسادىي پىشاڭلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم، ئەڭ سەزگۈر ئىقتىسادىي پىشاڭ،
ئەڭ ئۈنۈملۈك تەڭشەش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىسادىي ئىسلاھات مەلۇم دەرىجىگە
يەتكەندە، باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تۈرلۈك ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇر ئېلىپ بې-
رىش ياكى بارالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلان-
نى ئازايتىش، يېتەكچى خاراكتېرلىق پىلاننى كېڭەيتىشكە ئوخشاش پىلان تۈزۈلمىسىدىكى
بىر قاتار ئىسلاھاتلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دارامىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمگەك مۆ-ۋسى
ئۆز ئارا باغلانغان تەقسىمات تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەم-
مىسى خېلى دەرىجىدە باھا سىستېمىسىنىڭ ئىسلاھاتىغا باغلىق. شۇڭا شەھەر
ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا، پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش-
نىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يېيىشىغا، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئىشىغا
ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، باھانىڭ كارخانى-
لارنىڭ ئىگىلىك پائالىيىتىنى تەڭشەش رولى بارغانسېرى روشەن بولىۋاتىدۇ.
تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ماسلىشىپ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، يالغۇز دۆلەت-
نىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلانىغا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە قىممەت قانۇنىغا
ئاساسلىنىپ، باھا، باج، ئىناۋەتلىك قەرز قاتارلىقلارنى تەدبىقلاپ، كارخانىلارنىڭ
ئىگىلىك پائالىيىتىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تەڭشەپ، كارخانىلارنى قارغۇلۇقتىن

خالى قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ جانلىق لېكىن رەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

3

يېقىندا يولداش جاۋزىياڭ 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» تا بۇ يىللىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئىككى چوڭ ۋەزىپە — مۇئاش ئىسلاھاتى بىلەن باھا ئىسلاھاتىدا مۇھىم قەدەم تاشلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھەر تەرەپلىمە مۆلچەرلەش، سېلىشتۇرۇش ۋە ئەستايىدىل ھېساپلاش» ئارقىلىق، 1985 - يىلى قويۇۋېتىش بىلەن تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈپ، كىچىك قەدەم بىلەن ئالغا بېسىش فاڭجېنىنى قوللىنىش بەلگىلەندى. بەزىلىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مال باھاسىنىڭ ئومۇمى سەۋىيىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىقى تىرىشىپ ساقلىنىدۇ.

بۇ يىل باھانى ئىسلاھ قىلىشتا ئاساسىي جەھەتتىن قەدەمنى كىچىك بېسىش، بىر قەدەم مېڭىپ، بىر توختاش لازىم. ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق بولىدۇ:

1. يېزىلاردا ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسى بىلەن پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ ھەم توختام تۈزۈپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلىدۇ، قالغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى قەدەممۇ - قەدەم قويۇۋېتىلىدۇ. ئەركىن ئېلىپ - سېتىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەش يولغا قويۇلۇپ، يېزىلاردىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

2. ترانسپورت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە پايدا يەتكۈزۈش، تاشيول ترانسپورتى ۋە سۇ ترانسپورتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۆمۈر يولنىڭ قىسقا مۇساپىلىق كىراسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

3. باھانىڭ سۈپەت جەھەتتىكى پەرقى بىلەن رايون پەرقى مۇۋاپىق چوڭايتىلىپ، سۈپىتى ناچار، باھاسى يۇقىرى، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغان مەھسۇلاتلار ئازايتىلىدۇ ۋە شاللاپ چىقىرىلىدۇ. سۈپەتلىك، داڭلىق مەھسۇلاتلار تېز سۈرئەت بىلەن كۆپەيتىلىپ، تاۋارلارنىڭ مۇۋاپىق ئوبوروتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

4. خام ئەشيا ماتېرىياللار، يېقىلغۇ قاتارلىق مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پىلانلىق تەقسىم قىلىنمىدىغان قىسمىنىڭ باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن تەۋرىتىل-

مەيدۇ. بەلگىلىمە بويىچە كارخانىلار ئۆزى ساتىدىغان قىسمىغا بازار ئارقىلىق تەڭـ
شەشنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بازارغا كىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

باھا ئىسلاھاتى ــ جەمئىيەت ۋە خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇنـ
داقلا ناھايىتى سەزگۈر ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. چۈنكى باھانى تەڭشەشنىڭ چېتىلىدىغان
دائىرىسى كەڭ، سىياسەت خاراكتېرى كۈچلۈك، مۇرەككەپ، مۈشكۈل، تەسىرى چوڭقۇر
ئىسلاھات ھېساپلىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر باھانىڭ تەڭشىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىسىلا غەمگە
چۈشىدۇ. كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئاممىدا، باھانىڭ مۇقىم بولۇشى ياخشى
ئىش دەپ ھېساپلايدىغان ناھايىتى ئاددى بىر خىل قاراش بار. ئۇلار باھانى تەڭـ
شەشنىڭ كېيىنى ئاڭلىسا ئەندىشە قىلىدۇ، دەرۋەقە، دېخان - چارۋىچىلار دېخانچىلىق،
چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈـ
رۈشكە، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى چۈشۈرۈشكە قارشى تۇرمايدۇ.
بۇ خىل قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان سەۋەپلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ بىرى،
باھانى تەڭشەش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، ئىككىنچىسى، كونا جەمئىيەتتـ
كى يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقىنىڭ تەسىرى بار؛ ئۈچىنچى، باھانىڭ ئۆزگەرمەسـ
لىكى ئىلگىرى «سوتسىيالىزىمنىڭ ئەۋزەللىكى» دەپ تەشۋىق قىلىنغان، ۋاقاكازالار. لېـ
كىن بىز تاۋار ئىگىلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، قىممەت قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلا بولـ
ساق، سېلىشتۇرما باھانىڭ، باھا سەۋىيىسىنىڭ بىر ئىزدا تۇرۇشى بىزنىڭ ئارزۇيىمىز
ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ئاممىغا سەۋرچانلىق بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

باھانى ئىسلاھ قىلىشتا كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ــ مۇئاش مەسىـ
لىسى. چ... باھانى تەڭشەش بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ
باھاسىدا بەرىبىر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش خىراجىتى ئۆرلەيـ
دۇ. بىز باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا پايدىنى كۆزلىمەيمىز، پۇقرالاردىن دۆلەت
بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىشنىمۇ كۆزلىمەيدۇ. بىز خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى
چۈشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن باھانى ئىسلاھ قىلمايمىز. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، باھانى
تەڭشەش سەۋىيىسى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ دارامىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە
كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت مالىيەدىن نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ باھا سىستېـ
مىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا مەدەت بېرىدۇ، يەنى باھانى تەڭشەش بىلەن مۇئاش تولۇقـ
لاپ بېرىشنى، مۇئاش ئىسلاھاتىنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ تامامەن دۆلەت ۋە خەلقنىڭ
ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتى بىلەن تۈپ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقانلىق. بۇنىڭدىن
مەقسەت ــ ئىشلەپچىقىرىشنى تېز سۈرئەت بىلەن ئاشۇرۇش، ئىگىلىكنى تېخىمۇ ساغلام

تەكشەش، راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى قەدەممۇ - قەدەم ئۆستۈرۈش. باھانى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن بەزىلىرىنىڭ باھاسى ئۆسىدۇ، بەزىلىرىنىڭ چۈشىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ جەھەتتە. دۆلەت مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مۇئاش، قوشۇمچە ياردەم، مال باھاسى، ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ھازىر مەملىكىتىمىزدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، ئىگىلىك داۋاملىق مۇقىم، تەكشەش راۋاجلانماقتا. ياخشى سۈپەتلىك دەۋر قىلىش مەنزىرىسى نامايەن بولۇشقا باشلىدى. ۋەزىيەت چوڭ ياخشى. بۇيىللىق باھا ئىسلاھاتىنىڭ لايىھىسى ئاكتىپ ھەم سالماق. بۇنىڭ بىلەن ئىگىلىك ئومۇمى ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملىق ساقلاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مۇۋاپىق باھا سىستېمىسى قەدەممۇ - قەدەم ۋۇجۇتقا كەلگۈسى.

4

باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن مالىيىنىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن. چۈنكى باھا ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۆستۈرىدىغان، مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى. باھانى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، دۆلەت.كارخانا. شەخسلەر ئارا تەقسىمات مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. دۆلەت، مالىيىسى پايدىمۇ ئالىدۇ، زىيانمۇ تارتىدۇ. يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە، زىيان پايدىدىن كۆپ بولىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا، پايدا زىياندىن كۆپ بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە زىيان پايدىدىن كۆپ بولىدۇ دەيمىز؟ بىرى، قەز فايتۇرۇلىدۇ، ئۇزۇندىن بۇيان بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ باھا سەۋىيىسى بەك تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەننەرقىنى تولدۇرۇشقا يەتمىدى. سىڭا باھادا ئۆسكەن كىرىمنىڭ ھەممىسىنى مالىيە ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ بىر قىسمى چوقۇم كارخانىلارغا قالىدۇ. مەسىلەن، كۆمۈرنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلىدۇ، لېكىن ھەر بىر توننا خام كۆمۈرگە سەرپ قىلىنىدىغان قامداش، باشقۇرۇش خىراجىتىنىڭ ئۆلچىمى ئۆسكەن بىلەن، ئەمىلىيەتتە ئۇ كارخانىغا قالدۇرۇلىدۇ، قەرز قايتۇرۇلغان بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى قەدەممۇ - قەدەم ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قوشۇپ بېرىلىدىغان مۇئاش، قوشۇمچە ياردەم چوقۇم ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن بولغان كىرىمنىڭ ئومۇمى سوممىسىدىن كۆپ بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئاھالىلارنىڭ كىرىمى ئۆسكەندىن كېيىن، ئۇلار بەزى چىقىملارنى بازار سودىسىغا سەرپ قىلىدىغان بولغاچقا، دۆلەت ئۇنى يىغىۋالالمايدۇ. ھازىردىن قارىغاندا، مالىيە چىقىمى كۆپرەك بولسا

مۇ. لېكىن باھانى تەڭشەشتە يىراقنى نەزەر سېلىش كېرەك. «ئۆلۈك ھېساپ» ئىلا ئېسەاۋېلىشقا بولمايدۇ. ئىلگىرى بۇ مەسىلىدە ھەمىشە كىرىم ئازلاپ كەتسە ئاسانلا بىلىنىدىغان، كىرىم كۆپەيسە مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ئەھۋال بولۇپ كەلدى. مالىيىدىن ئارتۇقچە ئەنسىرەپ كەتكەندە ئاسانلا باھا ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. مالىيە خىزمىتى «ئۆلۈك ھېساپ» نىلا قىلماي، «جانلىق ھېساپ» نىمۇ قىلىش كېرەك. دېمەك، ئۇ باھانىڭ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇشى ۋە پۈتكۈل تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن بىللە. بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خاراكتېرلىق ئىسراپچىلىق (تۈزۈلمىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق) ۋە ئىشلىتىش خاراكتېرلىق ئىسراپچىلىق قەدەممۇ - قەدەم تۈگىتىلىدۇ، يەنى سەرپ قىلىنىدىغان بايلىقنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، مىللىي دارامەت كۆپىيىدۇ. مىللىي دارامەت كۆپەيسە، مالىيە مەنبەسى كېڭىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مالىيە كىرىمى تەبىئىي ھالدا ئاشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ. لېكىن ئورۇق چېچىشنى نادانلىق دەپ قارىماسلىق كېرەك. باھا ئىسلاھ قىلىنمىسا مالىيىگە قىيىن بولىدۇ، دەيدىغان ئويى تۈگىتىپ، باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوللاش كېرەك.

باھانى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، ئىسلاھاتنىڭ قەدىمى ۋە تەدبىرلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەككى، باھانى تەڭشەشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە بولغان تۈرتكىلىك رولى چوڭراق بولسۇن، مالىيىدىن كۆپىيىدىغان چىقىم ئىمكان قەدەر ئاز بولسۇن، ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى كىچىكرەك بولسۇن. مالىيە تارماقلىرى قىممەت قانۇنىنى ئاڭلىق تەتبىقلاپ، كىرىمنى تىرىشىپ ئاشۇرۇشى، چىقىمنى تېجىشى، ئىستېمال فوندىنىڭ كۆپىيىشىنى داۋاملىق تىزگىنلىشى، مەمۇرىي خىراجەتكە ئوخشاش غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى چىقىملارنى تېجىشى، ھەرخىل تەدبىرلەر ئارقىلىق كىرىم مەنبەسىنى ئېچىپ، چىقىمنى تېجەپ، باھا ئىسلاھاتىغا زۆرۈر بولغان زاپاس مەبلەغنى تەييارلاپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، باھا ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

## 5

باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش — پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئۇنىڭغا چوقۇم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، دەسلەپكى جەڭنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ بېرىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش زۆرۈر. باھانى تەڭشەش، تېگى - تەكتىدىن

ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، رەھبەرلىكنى چوقۇم كۈچەيتىپ، بىردەك ھەمكارلىشىپ، كۆڭۈل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلىش، تەشۋىقاتنى كېڭەيتىش لازىم. ھازىر ۋەزىيەت چوڭ ياخشى، بۇ، نامۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ پايدىلىق پۇرسىتى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، شەھەر ئاھالىلىرى باھانىڭ ئۆرلىشىدىن ئومۇمى يۈزلۈك ئەنسىرەۋاتىدۇ، مال باھاسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىدىن گۇمانلىنىۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىل پۇل كۆپرەك تارقىتىلدى، تەمىنلەشمۇ خېلى جىددى بولدى، بازاردا ئىستېمال بۇيۇملىرى تەمىنلەشكە يېتىشمەيدىغان ئەھۋالمۇ تەرەققى قىلىۋاتىدۇ. جانلاندۇرۇش نامى بىلەن باھانى قالايمىقان ئۆستۈرىدىغان كارخانىلارمۇ چىقىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئەگەر ياخشى ھەل قىلىنمىسا، باھانى ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر يېتىدۇ.

باھا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى قازىنالماسلىقى بىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىسلاھات ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات ۋە شارائىت يارىتىشىمىزغا باغلىق. بۈگۈن بۇ پەردە بۇنداق شامال چىقسا، ئەتە ئۇ پەردە ئۇنداق شامال چىقسا بولمايدۇ. ئۇ ئىسلاھاتقا توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى خەتەرلىك. باھانى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ۋە مۇھىم تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تەڭشەشنى چوقۇم بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىپ، بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. مال باھاسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرلىرىنى پىلانلاشتا، چوقۇم ئەتراپلىق ئويلىنىش، باھانى تەڭشەش بىلەن داۋالغۇشنى ئەڭ كىچىك دەرىجىدە تىزگىنلەش كېرەك. ئىسلاھات جەريانىدا قارشىلىقلارنى يېڭىش، توسالغۇلارنى تۈگىتىش لازىم. تاۋارلارنى تالىشىپ سېتىۋېلىشقا ئوخشاش يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى جىددى تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىپ، باھانى ئىسلاھ قىلىشتەك بۇ چوڭ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. بۇ يىل — ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئومۇمىي يۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر يىل، شۇنداقلا باھا ئىسلاھاتىنى باشلاشنىڭ پايدىلىق پۇرسىتى. بىز دۆلەتكە، خەلققە پايدا كەلتۈرىدىغان بۇ باھا ئىسلاھاتىنى چوقۇم ياخشى ئېلىپ بېرىپ، مۆلچەرلەنگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

رازاق تۆمۈر تەرجىمىسى

# شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەر

بەي پىڭجۇ يالاقپىڭچياۋ

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 2000 - يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاپ، 42 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئومۇمىي نىشان تۆۋەندىكى روشەن ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىسى، بۇنىڭدا پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغان. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى تولۇق مۇھاكىمە قىلىنغان. مەملىكەت بويىچە ئىككى قاتلاش، شىنجاڭدا ئىككى يېرىم قاتلاش — بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىزگە قويغان تەلىپى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى، خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىجادىي ئىزچىللاشتۇرغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. ئىككىنچىسى، بۇنىڭدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئىمكانىيەت تولۇق نەزەرگە ئېلىنغان. ئىككى يېرىم قاتلاش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش 1981 - يىلدىن باشلاپ 2000 - يىلغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا يىلىغا ئوتتۇرىچە 9.4% ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن « 6 - بەش يىللىق » پىلاننىڭ ئالدىنقى تۆت يىلىدا ئەمەلىي تەرەققىيات سۈرئىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 10.8% كە يەتتى. دېمەك، 9.4% ئاشۇرۇش سۈرئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدا ئىمكانىيەتمۇ قالدۇرۇلغان. ئۈچىنچىسى، ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشەنچىلىك ئاساسقا قويۇلغان. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي نىشاننى ئوتتۇرىغا قويۇشتا يولداش ۋاڭ جېننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شاڭخەي قاتناش داشۆسى سىستېمىلىق ھېسابلاشتىن ئىبارەت ئىلغار ئۇسۇلنى قوللىنىپ، بىر يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق سانلىق ئاساسنى يىغىپ، ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن ئىككى مىڭ سائەتتىن ئارتۇق ھېسابلاپ، نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەپ ۋە ھېسابلاپ چىققان. شۇڭا، بىز ئىشەنچ بىلەن شۇنداق

ئېيتىمىزكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان كۆرەش نىشانى — ھەم كىشىلەرگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان، ھەم ئەمەلىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان نىشاندۇر.

1982 - يىلى، ئاپتونوم رايون جەنۇبنى تۇتۇپ غەربكە ئىلگىرىلەش، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئىككى ياقتىن قانات يايدۇرۇش، يەنى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇناسىپ ھالدا تېزلىتىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇش دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. يېقىنقى ئىككى يىللىق ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، جەنۇبنى تۇتۇپ غەربكە ئىلگىرىلەشتىن باشقا، ئاپتونوم رايون يەنە شەرقتىن كىرگۈزۈپ غەربتىن چىقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنداق قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى، يىغىنچاقلىغاندا، جەنۇبنى تۇتۇپ غەربكە ئىلگىرىلەش، شەرقتىن كىرگۈزۈپ غەربتىن چىقىرىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئاپتونوم رايون ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈشتە ئاساسلىقى مۇنۇ ئىككى نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان: بىرسى — خەلقارا ۋەزىيەت. خەلقارا ۋەزىيەت تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىتلىق تېچ شارائىتنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. دۆلىتىمىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قەدەممۇ-قەدەم سوزۇلۇپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا ياۋروپا ئەللىرىگە قارىتا مۇھىم بىر قۇرۇقلۇق ئېكسپورت يولى بولۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى بار. شۇنداق بولغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشتا ئىنتايىن پايدىلىق شەرت - شارائىتقا ئىگە بولىمىز. ئىككىنچىسى — ئىچكى ۋەزىيەت. مەركەز سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش: بىرسى، مەملىكىتىمىز سىرتىغا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، يەنە بىرسى، باشقا قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى ئېچىۋېتىش، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاساسلىقى يەنىلا شەرقتىن كىرگۈزۈپ شەرققە چىقىرىش بولسىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر تەرەپلىمە شەرت شارائىت يارىتىپ، مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ ۋە بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، تۈرلۈك كەسپلەرنى، بولۇپمۇ ئېچىش خاراكتېرلىك كەسپلەرنى يولغا قويۇشقا جەلپ قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزدا جەنۇبنى تۇتۇپ غەربكە ئىلگىرىلەشنىلا كۆزدە

تۇتۇپ، شەرقتىن كىرگۈزۈپ غەربتىن چىقىرىشنى كۆزدە تۇتمايدىغان بولساق، ئۆزگەرگەن ۋە داۋاملىق ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشالماي، پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بار.

ئىككى يېرىم قاتلاشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئەمەلىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئاشۇرۇش سۈرئىتى بولۇشى، ھەر يىللىق ئاشۇرۇش سۈرئىتى بىلەن بەشيىللىق پىلانغا كاپالەتلىك قىلىنىشى، بەشيىللىق پىلان بىلەن ئىككى يېرىم قاتلاش نىشانىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى شەرت.

«6-بەشيىللىق» پىلانىنىڭ ئالدىنقى تۆت يىلدىكى تەرەققىيات سۈرئىتىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرىچە يىللىق ئېشىش سۈرئىتى 10.8% بولۇپ، ئۆتكەن 30 يىلنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئېشىش سۈرئىتى (7.6%) دىن يۇقىرى بولغان. مۇشۇ ئېشىش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىنسا، 1987-يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارت يۈەنگە يېتىپ، ئىككى قاتلاش نىشانى مۇددەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشىدۇ. كېيىنكى 10 يىلدا يەنىلا يىلىغا 10.8% سۈرئەت بىلەن ئاشۇرۇلسا، 1998-يىلى 44 مىليارت 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىككى يېرىم قاتلاش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن ئورۇنلىنىدۇ. 2000-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليارت 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىككى يېرىم قاتلاش نىشانىدىكىدىن 12 مىليارت يۈەندىن كۆپرەك ئاشىدۇ.

ئەندى شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى ئەسلى كۆزلىگەندىكىدىن كۆپ تېز بولغان. 1984-يىلى مەملىكەت بويىچە سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 14.2% بولدى، بۇ يىللىقى ئېشىش سۈرئىتى 1984-يىلدىكى سەۋىيىدىنمۇ ئېشىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. دەسلەپكى مۆلچەر ھېساپتىن قارىغاندا، ئەگەر مەملىكەت بويىچە 9% ئېشىش سۈرئىتى بويىچە ئاشسا، 1996-يىلغا بارغاندا ئىككى قاتلاش نىشانى مۇددەتتىن تۆت يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشىدۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىجرا قىلىش نەتىجىسى بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن. ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى پىلانىدىكى ئوتتۇرىچە يىلىغا 9.4% ئاشۇرۇش سۈرئىتى بويىچە ئاشۇرۇلسا، ئىككى يېرىم قاتلاشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم

رايونىمىزنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش دىگەن نىشان ئەمەلگە ئاشماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى مەملىكەت بويىچە ئېشىش سۈرئىتى يۇقىرى كۆتىرىلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى كۆتىرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئاپتونوم رايونىمىزنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش دىگەن نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولدى، ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ بىر» دىگەن ئىبارەت كۈرەش نىشانى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ بۈلتۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، 1983 - يىلىدىكى ئېشىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولۇش بىلەنلا قالماستىن، مەملىكەت بويىچە 1984 - يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىنمۇ تۆۋەن بولۇپ قالدى. ئاساسلىقى سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە ئېشىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمىدى. 1984 - يىلى مەملىكەت بويىچە سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 14 % بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاران 11.0% بولدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى بىز ئۈچۈن سىگنال بولدى. ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلىرىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقىرىراق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ مۇنداق بىر روشەن يېتەكچى ئىدىيىنى تىكلىشىمىز، يەنى بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىللىق ئېشىش سۈرئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن قىلىپ قويماسلىقىمىز، بەلكى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سۈرئەتتىن يۇقىرى قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. بۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى قىلىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، مەلۇم تەرەققىيات سۈرئىتىنى تەكىتلەش ھەرگىز بۇرۇنقىدەك ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ بىر تەرەپلىمە ھالدا يۇقىرى كۆرسەتكۈچنى قوغلىشىدىغان كونا يولغا قايتا مېڭىش ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىرىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، كاۋاك چىقمايدىغان، پۇختا، مۇۋاپىق سۈرئەتنى ساقلاشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى پۇختا ئاساسقا ئىگە

بولىدۇ. كۆرەش نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ يېزا ئەھۋالىدا كىشىنى روھلاندۇرىدىغان زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئاشلىقتا ئۆتمۈشتىكى ئۇزۇن مۇددەت يۆتكەپ ئەكىلىدىغان ئەھۋال ئۆزگىرىپ، ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا 1 مىليارت جىڭ ئەتراپىدا ئاشتى. بۇ ئۆتمۈشتە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال. پاختا مەھسۇلاتى تۆت يىلدا بىردىن ئارتۇق ئاتلاندى. قىزىلچا مەھسۇلاتى 59.9% ئاشتى. چارۋىنىڭ تۇياق سانىمۇ 13.2% ئاشتى، بولۇپمۇ تاۋار گۆش مىقدارى زور نىسبەتتە ئېشىپ، 1984 - يىلى 1980 - يىلدىكىدىن 54.6% كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشى سانائەت ۋە باشقا ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى.

ھازىرقى يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئاشلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئۆتمۈشتىكىدىن زور دەرىجىدە ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئۆتكەلدىن ئۆتتۇق دېگىلى بولمايدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە ئاران 700 جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق توغرا كېلىدۇ، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىدىن تۆۋەن، ھازىرقى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىنمۇ تۆۋەن. شاڭخەي شەھىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھىساپلاپ كۆرگەن ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 1 مىڭ 300 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلسە، ئاندىن يېقىنقى مەزگىللىك سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋە يېمەكلىكلەر قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىكەن. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى نىسبەتەن ئارقىدا، بۇنىڭدىن كېيىن سانائەت، چارۋىچىلىق ۋە ھەر خىل ئىشلار زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ بولۇپمۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پۇختا ئاساسقا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى داۋاملىق مۇقىم ھالدا ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىشىمىز لازىم.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قىياپىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش، دېخان - چارۋىچىلار تۇرمۇشىنى تېخىمۇ تېز بېيىتىش ئۈچۈن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى قەدەممۇ - قەدەم

ئۆزگەرتىش زۆرۈر. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ پىلانىدىن قارىغاندا، 2000 - يىلغا بارغاندا تېرىقچىلىقنىڭ مەملىكەت بويىچە پۈتكۈل يېزا ئىگىلىكىدىكى سالمىقى تەخمىنەن 30% نى، چارۋىچىلىقنىڭ 20% نى ئىگىلەيدۇ، سانائەت - قوشۇمچە كەسىپنىڭ 40% — 45% كە يېتىدۇ، ئورمانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپنىڭ 10% ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون ئەسلىدە تېرىقچىلىق سالمىقىنى 52% كە يەتكۈزۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. ھازىر قارىغاندا بۇ كۆپ بولۇپ قالغان. سانائەت - قوشۇمچە كەسىپ ئاران 13.2% نى، چارۋىچىلىق ئاران 28.2% نى ئىگىلىگەن. بۇ بەك ئاز بولۇپ قالغان. بۇنداق قۇرۇلما بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مەھسۇلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش (ئۆزگەرتىش)نى پائال ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىرىنچىدىن، تېرىقچىلىقنىڭ چارۋىچىلىققا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىقنى يەمەكلىك گۆش ۋە چارۋا مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇش، قوي، كالا، چوشقا، ئۆي قۇشلىرى، پىلە، بۇلغۇن، توشقان بېقىش قاتارلىق تۈرلۈك باققۇچىلىق كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى زور بولۇپ كېتىش، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سالمىقى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىنى تېزراق ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش لازىم. ئىككىنچىدىن، تېرىقچىلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاختا، قىزىلچا، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، پۇراقلىق ماتېرىيال، كۆكتات قاتارلىق ھەر خىل ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي زىرائەت مەھسۇلاتى قىممىتىنىڭ سالمىقى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش لازىم. پاختا — شىنجاڭنىڭ زور بىر ئۈستۈنلۈكى، سورتىنى لايىق، باھاسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئازراق پايدا بىلەن كۆپرەك سېتىشنى ئىشقا ئاشۇرالىساقلا، ئۇنى مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا ئېلىپ كىرەلەيمىز. شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلىرىنىڭمۇ مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا نامى بار. بىز بۇنى سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا بىر قەدەر زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، سۈپەت ئارقىلىق ئىناۋەت، ئەرزەن باھا ئارقىلىق غەلىبە قازىنىشىمىز لازىم. ئۈچىنچىدىن، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى يىرىك ۋە چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەشنى كەڭ يولغا قويۇپ، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى قىممىتىنىڭ سالمىقىنى ئۆستۈرۈشىمىز ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

يېڭى ئېگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا دەرەخ تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشنى داۋاملىق كەڭ يولغا قويۇش، جايلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالى ۋە ئۈستۈنلۈك شەرت - شارائىتىغا ئاساسەن، ماتېرىيال ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان، يېقىلغۇ ئورمىنى، ئىھاتە ئورمىنىنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىش، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم. دەرەخ تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشنى شىنجاڭنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت - سائادەت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشان قىلىپ، بوشاشتۇرماي قەتئىي چىڭ تۇتۇش لازىم.

سۇ — شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ دېخانچىلىقىنىڭ جان تومۇرى، سۇ بولسا يەر بولسا ئاشلىق بولىدۇ. سۇ بولغاندا شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارمىقى جانلىنىدۇ، هازىرقى بار تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى داۋاملىق، مۇقىم ئاشۇرۇش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى داۋاملىق بوز ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلغىلى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، سۇ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش، هازىرقى سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشىدەك روھ بىلەن، ئاساسلىق دەريا ئېقىنلىرى بويىچە ۋادىلارنى پىلانلاشنى ۋە نۇقتىلىق تايانچ قۇرۇلمىلار قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق مەنبەلىرى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېفىت، كۆمۈر، رەڭلىك مېتال، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك سانائىتى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

نېفىت سانائىتىدە 1983 - ۋە 1984 - يىللىرى ئىلغار تېخنىكا، ئۈسكۈنە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، شىمالىي شىنجاڭ بويىچە جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى نېفىت زاپىسىنى تېپىشتا زور بۆسۈش بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىمۇ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گاز قۇدۇقى تېپىلدى. زاپاس بولغاندىلا ئاندىن «تېز ئاقتۇرۇش» نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. خام نېفىت بولغاندا، نېفىت خىمىيە سانائىتىنى ۋە نېفىتتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشنى كەڭ يولغا قويغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا نېفىتنى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قۇرۇلۇش مەبلىغى جۇغلاپ بېرەلەيدىغان، ئىككى يېرىم قاتلاشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىلالايمىز.

كۆمۈر — شىنجاڭنىڭ ماددى بايلىق جەھەتتىكى ئەڭ زور ئۈستۈنلۈكى، بىز ئىرىشىپ بۇ يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈكنى رېيال ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، كۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش بىلەن بىللە، ۋۇۋېينىڭ غەربىدىكى كۆمۈر بازىرىنى ئىگىلىشىمىز لازىم. ئېخىمۇ مۇھىمى، ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇش خىزمىتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىپ، ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆمۈرنى ئېلېكتىرگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئېلېكتىر سانائىتى يۈكسەلسە، شىنجاڭنىڭ كان مەھسۇلاتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، مېتاللۇرگىيە، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئېلېكتىر كۆپ سەرپ قىلىنىدىغان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا بەك كەم بولۇۋاتقان مەھسۇلاتلارنى كۆپرەك پىششىقلاپ ئىشلەشنى يولغا قويالايمىز. مۇشۇنداق قىلغاندا، توشۇلۇش مىقدارى كۆپ بولغان كۆمۈرنى قىممىتى يۇقىرى، توشۇلۇش مىقدارى ئاز مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ، ترانسپورت جەھەتتىكى بېسىمنى يەڭگىللىتىپ، مەھسۇلات قىممىتى ۋە مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرالايمىز. ئېلېكتىر كۈچىنى تېز ۋە زورراق دەرىجىدە كۆپەيتىش ئۈچۈن، سۇ ۋە ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى تەڭ يولغا قويۇش، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. چوڭ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇرۇشقا مەبلەغ كۆپ كېتىدىغان، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدىغان بولغاچقا، يېقىنقى مەزگىلدە يەنىلا ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ئاساس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر خىل مەبلەغدىن دادىل پايدىلىنىپ، كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

رەڭلىك مېتال سانائىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. شىنجاڭنىڭ رەڭلىك مېتال بايلىقى مول، رەڭلىك مېتال سانائىتىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش لازىم. شىنجاڭنىڭ رەڭلىك مېتال سانائىتىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىدا ئۈمىد بار.

بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىدە، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، كۆپچىلىكنى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنى قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، يولنى كەڭ ئېچىپ، ئالغا قاراپ يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىن سېمونت سېتىۋالىدىغان قولغا كەلتۈرۈش، ھەر قايسى جايلار ۋە

بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان تارماقلار زور كۈچ بىلەن سىمونت زاۋۇتى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا، سانائەت ۋە سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپلا قالماستىن، شەھەر - يېزا ۋە دىخانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىشنىمۇ كۆزدە تۇتۇش لازىم. جايلارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا دائىر كان مەھسۇلاتى بايلىقلىرى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، گەج تاختاي، قۇيما تاش، مەرمەر تاش، تازىلىق فار - فورلىرى، گۈللۈك خىش قاتارلىق يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش كېرەك. نېفت سانائىتى مەھسۇلاتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۇلياۋ تاختاي، تامغا يېپىشتۇرۇلىدىغان سۇلياۋ قەغەز، پەلەمپەيلەرنىڭ سۇلياۋ تۇتقۇچى، سۇلياۋ تۇرۇبا قاتارلىق بىناكارلىق بېزەك ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇنى شەھەر - يېزىلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنى قۇرۇلۇش مەبلىغى جۇغلايدىغان كەسىپلەردىن بىرى قىلىشىمىز كېرەك.

يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. توقۇمىچىلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يېڭى مەھسۇلات تۈرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ سېتىش يولىنى ئېچىشتا. بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ مەھسۇلاتى ئۆز جايىدىكى بازارنى ئىگىلىشى؛ ئىككىنچى، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى قىسمەن بازارنى ئىگىلىشى؛ ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا - يېقىن شەرق ۋە شەرقىي ياۋروپا بازارلىرىغا كىرگۈزۈلىشى لازىم. مۇشۇ ئىستىراتېگىيىلىك نىشاننى ئاساس قىلغاندىلا، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يېمەكلىكلەر سانائىتى — يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ داۋامى ۋە ئۆزگىرىشى. شۇڭدەك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى سۈپەتلىك دەۋر قىلدۇرۇشتىكى بىر مۇھىم ھالقا. ھازىر ئېلىمىزنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تېخى تەرەققى قىلمىغان. يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن تەبىئىي يېمەكلىكلەر بولۇپ، كىشىلەر ھەر كۈنى نۇرغۇن كۈچ ۋە ۋاقتىنى ئۈچ ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ھازىر دۇنيادىكى تەرەققى تاپقان ئەللەردە يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى بىلەن يېمەكلىكلەر سانائىتى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى 1:2، ئېلىمىزدە 1:03 بولۇپ،

شىنجاڭدا ئاران 1:0.25 كە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىزدە بىر تەرەپتىن، يېمەكلىكلەر سانائىتى ناھايىتى ئارقىدا قالغان، يەنە بىر تەرەپتىن، يېزىلاردا يەنە «ئاشلىقنى سېتىش قىيىن»، «مايلىق داننى سېتىش قىيىن» بولۇشتەك مەسىلە يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر يېمەكلىكلەر سانائىتىنى تېز تەرەققى قىلدۇرمىساق، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالغا قاراپ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا يېمەكلىكلەر سانائىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا كېرەكلىك خامئەشيا ئىنتايىن مول، ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئالاھىدە ۋە شىنجاڭدىلا بار خامئەشيالار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر خىل گۆش، سۈت، تۇخۇم، ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلىرى ۋە تۈرلۈك ئاشلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشنى راۋاجلاندۇرۇپ، بوۋاق باللار يېمەكلىكلىرى، ئوزۇقلۇق يېمەكلىكلەر، ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى، ئىستېمال ئۈچۈن ئەپلىك يېمەكلىكلەر ۋە تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى كۆپەيتىپ، شەھەر، يېزا خەلقىنىڭ يېمەكلىكلەر قۇرۇلمىسىنى پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىپ، خەلقنىڭ يېمەكلىكلەر جەھەتتىكى ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

يېزا - بازار كارخانىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۆۋەتتىكى ئاجىز ھالقا. ئۇنى چوقۇم ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى زور كۈچ بىلەن تېزلىتىش — يېزىلارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. ھازىر جىياڭسۇ ئۆلكىسىدە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 40% تىن كۆپرەكىنى، ئۆلكە بويىچە سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 24% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. ئاپتونوم رايونىمىزدا بولسا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئاران 150 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.5% ىنىلا ئىگىلەيدۇ. بىز ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، يولنى كەڭ ئېچىپ، دۆلەت ئىچىدىن كىرگۈزۈش، چەتئەل بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ، «7 - بەشيىللىق» پىلان مەزگىلىدە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليارت 500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش، 2000 - يىلغا بارغاندا يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى 20% دىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

قاتناش - تىرانسپورت — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئەڭ زور چەكلىگۈچى ئامىل. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولىدىكەنمىز، قاتناشنى يۈكسەلدۈرمىسەك بولمايدۇ. مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى كورلىغىچە ياسىلىپ پويىز قاتناۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىدىن شىخۇغىچە بولغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى قۇرۇلۇشى بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلاندى، 1988 - يىلى پۈتكۈزۈلۈپ پويىز قاتنىماقچى. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى شىخۇغىچە پۈتكەندىن كېيىن داۋاملىق غەربكە ئۇزارتىپ ياسالماقچى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىمۇ قەشقەر، خوتەنگىچە بالدۇرراق ياساپ پۈتتۈرۈش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو - پاكىستان تاش يولىنىڭ مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى قىسمىنى ياساشتا بالدۇرراق ئىش باشلاش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىز پائال ئىشلىمەكتە. ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، قاتناشتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن، «7 - بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدە، بىر تەرەپتىن، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋوگزال لىنىيىلىرىنى ئۇزارتىش ۋە پاراۋوزلارنى چوڭ قۇۋۋەتلىك پاراۋوزلارغا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تۆمۈر يولنىڭ قاتناش - تىرانسپورت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى زامانىۋى ئالىي دەرىجىلىك تاشيولغا ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنى مەملىكەت ئىچى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئىككىنچى چوڭ قاتناش تومۇرى قىلىش، تاشيول بىلەن تۆمۈر يولنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىن سىرتقا توشۇلىدىغان ۋە سىرتتىن شىنجاڭغا توشۇلىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ بېسىلىپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىدا، ئاساسلىغى، يول يۈزىنى، كۆۋرۈك - سۇڭگۈچلەرنى ئۆزگەرتىشنى تۇتۇش، ئاسفالىت يوللارنى كۆپەيتىش، ئاپتوموبىللارنى چوڭ تىپتىكى يۈك ۋە يولۇچىلار ئاپتوموبىللىرىغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، تىرانسپورت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش لازىم. تاشيول تىرانسپورتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ھازىر سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر يېڭى ئامىل مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ئامىمىنىڭ قاتناش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇل-

لىنىشتىكى يۈكسەك قىزغىنلىقى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نەچچە مىڭ كەسپى ئائىلە بولۇپ. ئۇلاردا 9 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ترانسپورت قورالى بار. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك. ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ۋە شەھەر- يېزىلاردىكى ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇشتا يېڭىدىن شەكىللەنگەن بىر كۈچ. بىز مەركەزنىڭ بۇيىلقى 1- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شەھەر- يېزىلاردىكى يەككە ئىگىلىكتىكى ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى پائال قوللىشىمىز لازىم. ئىچكى جەھەتتە ئىقتىساتنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇلتۇر شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلدى، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىمىز زور تەرەققىياتقا ئېرىشكۈسى. مۇشۇنداق دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر بىردەك تۇتۇش قىلسا. تۆمۈر يول، تاشيول، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى ئۆزئارا ماسلاشسا، تەدرىجىي يوسۇندا زامانىۋىلاشقان قاتناش- ترانسپورت تورى ۋۇجۇتقا كېلىپ، شىنجاڭنى ئېچىش- گۈللەندۈرۈشنى تېزلىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ھازىر بار 4 مىڭدىن ئارتۇق كارخانىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە تايىنىپ، ئىككى يېرىم قاتلاشتىن ئىبارەت نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. بۇندىن كېيىن مەيلى كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان ياكى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى بولسۇن، ئوخشاشلا تېخنىكا جەھەتتىن ئىلگىرىلەشكە تايىنىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلىشىمىز. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنىدىن ئىبارەت چوڭ ياخشى پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، تېخنىكا، ئۈسكۈنە، ھۈنەر- سەنئەت، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ، تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى جەھەتتە سەكرەش شەكلىدىكى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئىمكان قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەملىكەت ھەتتا دۇنيا بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يېتىشىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن مەملىكەت بويىچە باشقا جايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتقىلى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندا سېلىنغان مەبلەغدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش نۇقتىئىنەزىرىنى يەنى پايدا، ئۆسۈم ۋە مەبلەغ ئوبوروتىمۇ بولۇش كۆز قارىشىنى تىكلەپ، ئىشلەپچىقىرىشقا بالدۇرراق كىرىشتۈرۈپ، بالدۇرراق مەھسۇلات ئېلىشىمىز لازىم.

ئىختىساسلىق خادىملار مەسىلىسى نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئىككى يېرىم قاتلاش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ــ ئاشۇرالماسلىقىمىزنىڭ ئاچقۇچىمۇ تۇرلۇك مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملىرىمىزنىڭ بار ــ يوقلىقىدا. شۇڭا ئالدى بىلەن ھازىر بار تۈرلۈك ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىختىساسلىقلارنى پەرق ئېتىش، تونۇشتۇرۇش، ئىشلىتىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋېلىش، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئېچىش ــ گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا ئۇلارنىڭ ئەقىل پاراسەت، بىلىم ــ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ يەنە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىرتتىن بىلىم ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كىرگۈزۈش ۋەقەتئىي ئىرادە بىلەن ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم.

ئىككى يېرىم قاتلاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان مەبلەغ بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۈرلۈك يوللار، تۈرلۈك ئۇسۇل ــ چارىلارنى قوللىنىپ ئىش كۆرۈش لازىم. دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىغىلا ئۈمىت باغلاپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا بىز تۈرلۈك چارە ــ ئاماللار بىلەن يىغىدىن مەبلەغ مەنبەسىنى ئېچىشىمىز لازىم، مەسىلەن، چەتئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش، مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىكلىرى، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن مەبلەغ قوشۇپ ئىگىلىك قىلىش، بانكىنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىدىن تولۇق پايدىلىنىش، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەردىن مەبلەغ جۇغلاش ۋە باشقىلار. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ھەر خىل ئۇسۇل ــ چارىلارنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، زىياننى ئازايتىش، پايدىنى كۆپەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىشلەپچىقىرىش ــ قۇرۇلۇش بىكىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر كۈچ. ئۇلار يېقىندا ئۈچ قاتلاش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى يېرىم قاتلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قوشۇلغان زور تۆھپە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، بىكىتۇن بىلەن يەرلىك ئورۇنلار ئۆز ئارا قول تۇتىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بىر بىرىگە تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، شىنجاڭنى ئېچىش ــ گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارنىشاننى جەزمەن غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

روزى تۇردى تەرجىمىسى

# ۋاڭ يەندې ۋە «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»

گۇجېچېن

## 1. ۋاڭ يەندېنىڭ ھاياتى

ۋاڭ يەندېنى دۇڭمىڭ ناھىيىسىدىن. دامىڭ ناھىيىسىدىن دېگۈچىلەرمۇ بار. مىلادى 938 – يىلى (كېيىنكى جىن خانى گاۋزۇنىڭ يىلنامىسى تيەنفۇنىڭ 3 – يىلى) تۇغۇلۇپ، مىلادى 1006 – يىلى (شىمالىي سۇڭ خانى جېن زۇڭنىڭ يىلنامىسى جىڭدېنىڭ 3 – يىلى) ئۆلگەن، 68 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ئۇ، شىمالىي سۇڭ دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئاتاقلىق دىپلومات ۋە مالىيە مۇتەخەسسىسى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قوچو قاتارلىق جايلارغا قىلغان ئەلچىلىك سەپىردە كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەپ، «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» («سۇڭ تارىخى» 203 – جىلد «ئەدەبىي ئەسەرلەر تەزكىرىسى» بىر جىلد) نى يازغان. ۋاڭ يەندې بايان قىلىپ بەرگەن قىتان (كىدان)، تاڭغۇت، تاتارىيە، قوچۇلارنىڭ يەر – سۈيى، ئاھالىسى، ماددى بايلىقلىرى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ھەمدە خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قاتارلىقلار، زامانلار مابەينىدە، مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىنىڭ تارىخ – جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلغۇچى جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ دىققەت – ئېتىبارىنى تارتىپ كەلدى. ئۇنىڭ سەپەر ئۈستىدە بېسىپ ئۆتكەن توققۇز ئەل ھەققىدىكى تەرىپى ئېلىمىز مەنبەلىرى ئىچىدە ھەقىقەتەن ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

ۋاڭ يەندې «كىچىكىدىن جىن خاندانىغا ئىشلىگەن» يەنى تەيزۇڭ جاۋكۇاڭيىغا خىزمەت قىلغان. 976-يىلى «چىراق تۈۋىدە ئاي پالتا ئىشقا سېلىنىپ»، سۇڭ خانى تەيزۇ تەيزۇڭنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن. تەيزۇڭ خانلىق تەختىگە چىقىپ 5-كۈنى، ئۇنىڭ يېقىنى بولغان ۋاڭ يەندې «خان داستىخانچىسى ئۇنۋانى بىلەن ھەرەم ئاشخانىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى» بولغان. كېيىن ئوردا بېگى، ئۇنىڭدىن كېيىن تەمىناتچى ئەمەلدار بولۇپ، ھەمىشە تەيزۇڭنىڭ قول ئاستىدا تەمىنات ئىشلىرىنى باشقۇرغان.

مىلادىنىڭ 1981 – يىلى (تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى تەيپىڭشىڭگونىڭ 6 – يىلى 3 – ئاي) ۋاڭ يەندې 43 ياشقا كىرگەن پەيتتە، ئۆزىنى سۇڭ خانىغا جىيەن دەپ

ئاتىغۇچى قوچو ئىدىقۇتى ئارسلانخاننىڭ ئەلچىسى تۇتۇق مېسوۋىن زىيارەتكە كەلگەن. تەيزۇڭ ئەلچىنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالغان. شۇ يىلى 5 - ئايدا ۋاڭ يەندېنى باشلىق، ئوردا بېگى بەي شۈن («ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرىگە قوشۇمچە». قىسقىچە «قوشۇمچە» نىڭ 22 - جىلدىدا بەي شاڭشۈن دەپ ئېلىنغان) نى ئورۇنباسار قىلىپ يۈز نەچچە كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قوچوغا ئەۋەتكەن. ئۇلار «شياجۇ ۋىلايىتىدىن يولغا چىقىپ، دەريالاردىن ئۆتكەن، قۇملۇقلاردىن ئاشقان، ئېۋىرغولدىن ئۆتۈپ بەشبالىققىچە 15 مىڭ چاقىرىم يول باسقان، «يىل ئېشىپ ئىككىنچى يىل 4 - ئايدا ئاندىن قوچو مەملىكىتىگە يەتكەن». يەنى مىلادى 982 - يىل (تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى تەيپىڭشىڭگونىڭ 7 - يىلى) 4 - ئايغىچە بىر يىل بىر ئاي يول يۈرگەن، 15 مىڭ چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن.

بۇ چاغ قوچو ئىدىقۇتى ئارسلانخان بەشبالىقتا يايلاقتا بولۇپ، مەملىكەتنى باشقۇرۇۋاتقان ئۇنىڭ تاغىسى ئادو يۈيۈ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، شىمالىي سۇڭ خاندانلىقىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىگە سالام بېرىش ئۈچۈن ئەمەلدار چىقارغان. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئادويۈيۈ ۋاڭ يەندې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوبۇل قىلغان، «چوڭ ئېھتىرام كۆرسىتىپ»، قوچو خانلىقى بىلەن شىمالىي سۇڭ خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىپادىلىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئارسلانخان ۋاڭ يەندېلەرنى بەشبالىققا ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ يەندېلەر يەنە «يارغول ۋىلايىتى بىلەن 14 كۈن يول يۈرۈپ ئالتۇن تاققا يېتىپ بارغان». ئارسلانخان ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئادەم چىقىرىپ، «ئۇزۇن ساقلاتماي ئۇلارنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. «7 - كۈنى ئۇلارنى قوبۇل قىلغان». قوبۇل مۇراسىمى ئەينى زاماندا ھەقىقەتەن مىسلىسىز تەنتەنە بىلەن ئۆتكەن. «خان ۋە شاھزادىلار، ئۇلارنىڭ مەھرەملىرى شەرققە قاراپ تەۋەججۇھ قىلغان، سوغىلار قوبۇل قىلغان، مۇزىكىچىلار ياندىن ھۆرمەت سازىنى چالغان، خان سازغا جۆر قىلىپ بېشىنى ئەككەن»، «خان پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق - تۇققانلىرىمۇ چىقىپ، سالام بېرىپ سوغىلارنى تۇتقان، كەينىدىن زىياپەت بېرىلگەن، ئويۇن كۆرسىتىلگەن» («قوشۇمچە»، 25 - جىلد). شۇنىڭ بىلەن بىللە، خان يەنە ۋاڭ يەندېلەرگە ئۆزى ھەمرا بولۇپ بېرىپ، ئۇدا بىر نەچچە كۈن «كېمە سەيلىسى ئويناتقان، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت» قىلدۇرغان. ھەممە يەر خەنزۇ ئەلچىلىرىگە بولغان دوستلۇق كەيپىياتى بىلەن تولۇپ تاشقان.

شۇ يىلى 7 - ئايدا، ئارسلانخان ۋاڭ يەندېلەرنى بەشبالىقتىن قوچونىڭ پايتەختىگە ياندۇرغان، ئۆزى 9 - ئايدا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا پايتەختتە قىتان

ئـەلچىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئارسلانخانغا: «ئاڭلىشىمچە، تاتارىيىگە ئەۋەتىلگەن خەنزۇ
ئەلچىسى زېمىنلىرىدىن ئۆتتۈۋېتىپتۇ. خان چېگرالارغا ئاگا بولغاي، ئەلچەلەرنى توخـ
تاتماي تاتارىيىگە يولغا سالغاي» دېگەن ۋە يەنە بۆلگۈنچىلىك قىلىپ: «خەنزۇ ئەلچىـ
لىرى خاننىڭ زېمىن تېرىتورىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى، ئۇلارنىڭ باشقا غەرىـ
زى بار، خان پەخەس بولغاي» دېگەن. قىتان ئـەلچىسىنىڭ شىمالىي سۇڭ خاندانـ
لىقى بىلەن قوچونىڭ مۇناسىـۋىتىگە بـۆلگۈنچىلىك سالىدىغان بۇ گەپلىرىنى كېيىن
ۋاڭ يەندې بىلىپ قالغان. ئۇ، ئارسلانخانغا قەتئىيەت بىلەن «چۇەنرۇڭلار ئەزەلدىن
جۇڭگوغا ئىتائەت قىلماي كەلدى، ئەمدى يەنە ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتىدۇ، مەن
ئۇنى ئۆلتۈرىمەن» دېگەن («قوشۇمچە»، 25 - جىلد). كېيىن ئارسلانخـاننىڭ قايتاـ
قايتا تەسەللى بېرىشى بىلەن ۋاڭ يەندې ئۆز پەيلىدىن يانغان.

مىلادى 983 - يىلى ئەتىيازدا ۋاڭ يەندې قوچو قاتارلىق جايلاردىكى زىيارەـ
تىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نائىبى بەي شاڭشۈن بىلەن بىرلىكتە «بـۇرۇنقى يول
بىلەن قايتـقان». كۆرمىگىلىغان مۇشەققەتلەرنـى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاقىۋەت مىلادى
984 - يىلى 4 - ئايدا غەلىبە بىلەن پايتەخت كەيفېڭغا قـايتىپ كەلگەن ۋە تەيزۇڭ
خـانغا قوچو سەپىرىنىڭ مۇپەسسەل جەريانىنى دوكلات قىلغان. قوچوغا قىلغان 3 يىلـ
لىق سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن پاكىتلارغا ئاساسەن، 985 - يىلى «قوچوغا ئەلچىلىك
خاتىرىسى» دېگەن كىتاپنى يېزىپ، تەيزۇڭغا تەقدىم قىلغان. ۋاڭ يەندې ئەلچىلىككە
چىقىپ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى تۆپەيلى، تەيزۇڭ تەرىپىدىن ساداقەتمەن مەھرەم قىلىپ
ئۆستۈرۈلۈپ، هـەرەم ئاشخانىسىغا مۇئەككەل قىلىنغان. مىلادى 986 - يىلى ئۇ يەنە قوماندـ
دانلىق ئۇنۋانىنى ئالغان، چىڭجۇغا ۋالى بولۇپ بارغان. مىلادى 992 - يىلى چىڭجۇ
ۋىلايىتىدىن «ۋاقىتلىق قايتۇرۇلۇپ كېلىپ»، غەزنە باققۇچى قىلىپ قويۇلغان. ئۇزۇن
ئۆتمەي باش ۋەزىر جاڭ چىشيەننىڭ تەكلىۋى بىلەن، تەيزۇڭ ۋاڭ يەندېگە «يىجۇ
ۋىلايىتىنىڭ ۋالىلىغىنى ئىلتىپات قىلـغان».

مىلادى 995 - يىلدىن 997 - يىل 3 - ئايغىچە (تـەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى چۇنـ
خۇانىڭ 5 - يىلىدىن جىژاۋنىڭ 3 - يىلى 3 - ئاي تەيزۇڭنىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر) «سوراقـ
چى، ئەدلىيە بېگى، مالىيە بېگى، مەھكىمە بېگى، مۇپەتتىش» بولغان. يەنە «چېگرا قوغـ
دىغۇچى ئۇلۇغ جياڭجۈن، ئوردا كېڭەشى بېگى، مالىيە بېگى» ئۇنۋانلىرىنى ئالغان. ۋاڭ
يەندې ئېھتىمال قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىپ، سۇڭ تەيزۇڭنىڭ قوچو، تاتارىيە، تاڭـ
غۇت ئەللىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، قىتانلارنى زەئىپلـەشتۈرۈش مەقسىدىنى ئىشقا
ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن، مانا شـۇ قىسقىغىنا ئىككـى يىل ئىچىدە ئۈستـى - ئۈستلەپ

ئەمەللەرنى ئالغان ۋە ئۈستۈرۈلگەن بولسا كېرەك. مىلادى 997 - يىلى 3 - ئايدا، تەيزۇڭ خان ئوردىسىدا ۋاپات بولغان. ئوغلى جاۋ خېڭ يەنى جېنزۇڭ تاۋزىت ئالدىدا تەختكە چىققان. ۋاڭ يەندې تەيزۇڭنىڭ — جىن خاندانلىقىنىڭ پىشقەدەم ئەمەلدارى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جېنزۇڭنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قىسىمنىڭ ئالى دەرىجىلىك جياڭجۈنى بولغان. ئۇلگىچە مۇشۇ ۋەزىپىدە تۇرغان.

ۋاڭ يەندې ھاردىم - ئاچچىم دىمەي، ئاغرىق - سىلاق، بوران - چاپقۇنلارغا بوي بەرمەي، مۇشەققەتلىك يولنى بېسىپ غەرب ئەللىرىگە ئەلچىلىككە بارغانلىقى ئۈچۈن، مىلادى 997 - يىلىدىن 999 - يىلىغىچە شۇجۇ ۋىلايىتىدە ھەربى ئەمەلدار، يۇنجۇ ۋىلايىتىدە ۋالى بولۇپ تۇردى. كېيىن يەنە چىڭجۇ ۋىلايىتىگە يۆتكىلىپ، ئۇ يەردە «ئەمىلىي ئىش جەريانىدا نەتىجە قازىنىپ»، ئوڭ قول مۇھاپىزەتچى جياڭجۈن ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلانغان. مىلادى 999 — 1006 - يىللاردا، ۋاڭ يەندې ئۇزۇن مۇددەت كېسەل تارتىپ ئىشتىن قالغان. ئاندىن ئوردىغا ئادەم ئەۋەتىپ خىزمەتتىن ئىستېپا سورىغان. جېنزۇڭ «ئاتىسىغا ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى» نى ئېتىۋارغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قىسىمنىڭ ئالى دەرىجىلىك جياڭجۈنى دېگەن ئۇنۋانىنى تارتۇقلاش بىلەن، ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلغان. مىلادى 1006 - يىلى ۋاڭ يەندې 68 يېشىدا (جېنزۇڭنىڭ يىلنامىسى جىڭدېنىڭ 3 - يىلى) ئۆز ئۆيىدە ۋاپات بولغان. سۇڭ دەۋرىنىڭ بۇ مەشھۇر دىپلوماتى ۋە مالىيە مۇتەخەسسىسى شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئۆمرىنى ئاياقلاشتۇرغان.

## 2. ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىشتىكى مەقسىتى

ۋاڭ يەندېنىڭ يۈزلەنگەن كىشى بىلەن قوچو قاتارلىق جايلارغا قىلغان سەپىرىنى جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ بىر مۇنچىلغان تەتقىقاتچىلىرى قوچو ئىدىقۇتى ئارسلانخاننىڭ ئەلچىسىنى سۇڭ خاندانلىقىغا قىلغان زىيارىتىگە جاۋابەن ئېھتىرام خاراكتېرلىق زىيارەت دەپ ھېساپلاپ، ۋاڭ يەندې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ سۇڭ تەيزۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوچو قاتارلىق جايلارغا ئەلچىلىككە بېرىشىدىكى سىياسى مەقسىدىگە سەل قارايدۇ. مېنىڭچە، ۋاڭ يەندې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ سۇڭ تەيزۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قوچو قاتارلىق جايلارغا ئەلچىلىككە بېرىشتىن مەقسىتى قوچو، تاڭغۇت، تاتارىيە ئەللىرى بىلەن پائال ئالاقە باغلاش ۋە شۇ ئارقىلىق شىمالىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ

شىمالدىكى قۇدرەتلىك رەقىبى قىتانىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇش ئىدى.

بىرىنچى، ۋەقەگە شۇ چاغدىكى سۇڭ خاندانلىقىنىڭ قىتان بىلەن دەسلەپكى جەڭدىكى قارىمۇ - قارشىلىشىشى نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك. سۇڭ تەيزۇنىڭ قىتان مەسىلىسىگە تۇتقان ئاساسىي تاكتىكىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە سېتىۋېلىش، ئاندىن ئاخىرىدا ھەربىي جەھەتتىن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنى سۇڭ تەيزۇنىڭ فېڭجۇاڭ غەزىنىسىنى قۇرۇش ۋاقتىدا يېقىن ئەمەلدارلىرىغا ئېيتقان بىر ئېغىز سۆزىدىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. «قوشۇمچە» نىڭ 19 - جىلدىدىكى «تەيپىڭشىڭگونىڭ 3 - يىلى 10 - ئاي» ماددىسىدا:

ئەسلىدە تەيزۇ فېڭجۇاڭ غەزىنىسىنى قۇرماقچى ئەمەس ئىدى. يېقىن ئەمەلدارلىرىغا مەخپىي ھالدا: «شىجىن ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يۇجىنى قىتانلارغا كېسىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ ئادەملىرى سىرتتا يالغۇز قالدى. مەن ئۇلارغا ئېچىنىمەن. بۇ غەزىنىگە 30 — 50 تۈمەن پۇل جۇغلاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ قىتانلار بىلەن توختاملىشىپ، زېمىن ۋە پۇقرالىرىمىزنى قايتۇرۇۋالىمەن. بۇ پۇل ۋە رەخت ئۇلارنى ياندۇرۇۋېلىشقا يارايدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا بولمىسا، چېچىلىپ ياتقان پۇلغا ئەسكەر ئېلىپ، ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنى ئالىمەن دىگەن» دىيىلگەن.

لېكىن ئون بەگلىك بۆلۈنمىچىلىك قىلىپ تۇرغان ۋەزىيەت تېخى تولۇق تۈگتىلمەي تۇرۇپ، 976 - يىلى «چىراق تۈۋىدە ئاي پالتىنىڭ ئىشقا سېلىنىشى» بىلەن سۇڭ تەيزۇ ئۆلگەن.

لياۋخانلىقىنىڭ خانى مۇزۇڭ — ئەخمەق، زالىم ھۆكۈمران، «تويمىغۇر جاللات ئىدى» («لياۋ تارىخى. مۇزۇڭ تەزكىرىسى»). ئۇ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمىگەن. مەملىكەت ئىچى قاتمۇ - قات زىددىيەتلەر بىلەن تولغان. بۇ ئەھۋال تاكى لياۋخانلىقىنىڭ خانى جىڭزۇڭ دەۋرى (مىلادى 969 — 982 - يىللار) گىچە داۋام قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شىمالىي سۇڭ خاندانلىقى لياۋخانلىقىدىن مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان بىر چاغدىمۇ، لياۋخانلىقى بىر نەچچە قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، «دائىرىسى كىچىككىنە» شىمالىي خەن بەگلىكىگە ياردەم بەرگەنلىكىنى ھىساپقا ئالمىغاندا («قوشۇمچە»، 9 - جىلدىنىڭ «كەيبونىڭ 1 - يىلى 7 - ئاي» ماددىسى)، شىمالىي سۇڭ خاندانلىقىغا ھەربىي ھۇجۇم قىلمىغان.

مىلادى 979 - يىلى (تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى تەيپىڭشىڭگونىڭ 4 - يىلى) سۇڭ خاندانلىقى شىمالىي خەن بەگلىكىنى يوقاتتى، بۆلۈنمىچىلىك ھالىتى تۈگىدى، تەيزۇڭ قىتانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا قىزىقىپ كەتتى. «تەييۈەن بىر نەچچە ئايلاپ

مۇھاسىرىگە ئېلىندى، ئۇزۇق - تۈلۈك تۈگەپ، قوشۇنىنىڭ روھى چۈشكەن بىر پەيتتە. ليۇ جىيۇەن تەسلىم بولدى. ھەممە مۇكاپات ئېلىش كويىدا بولدى. خان بولسا بۇنىڭغا ئۇلا پلاقىتانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى، يۈجىنى ئالماقچى بولدى. قوماندانلار يۈرۈش قىلغۇسى كەلمىسىمۇ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى. ھەربى شتاپ بېگى چۆخەن خاقانغا: مۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلالمايمىز، مۇشۇ ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ يۈجىنى ئاسانلا ئالالايمىز، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. دېدى. خان سۆيۈنۈپ كەتتى. دەرھال مەخپى ھەربى كېڭەش باشلىقى ساۋبىڭيىغا لەشكەر چىقىرىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى » («قوشۇمچە»، 20-جىلدنىڭ « تەيپىڭشىڭگونىڭ 4 - يىلى - ئاي» ماددىسى.) تەيزۇڭنىڭ ئىقتىسات ئارقىلىق سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئاساسي تاكتىكىسىنى بىردىنلا چۆرۈپ تاشلاپ، قوماندان ۋە ئەسكەرلەرئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنىمۇ ئېتىۋارغا ئالماستىن، شىمالىي خەن بەگلىكىنى تىنجىتىش بىلەن قىتانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا بىر خىل ئىش قاتارىدا قاراپ، ئىشنى قىزىقىدا قىلىۋەتمەك بولۇپ، بىردىنلا يۈجى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. نەتىجىدە سۇڭ قوشۇنلىرى گاۋلياڭ دەرياسى بويىدا تارمار بولدى. سۇڭ تەيزۇڭ ئىلاجسىز ئېشەك ھارۋىسىغا چۈشۈپ شەرمەندىلەرچە قاچتى.

مىلادى 982 - يىلى لياۋ خانلىقىنىڭ تەختىگە شېڭ زۇڭ چىقتى. ئۇ شۇ چاغدا ئاران 12 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى شياۋتەيخۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. چوڭ ھوقۇق يې لېيلۇگنىڭ ئىلكىدە بولدى. سۇڭ تەيزۇڭ لياۋ خانلىقىغا «خان سەبى، دۆلىتى ئىشەنچسىز» دەپ قاراپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىش غەرىزىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەيزۇڭ بىر تەرەپتىن ھەربى جەھەتتە يەنە قىتانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى كۆردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن پائال تۈردە دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئەزەلدىن قىتانلارنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولۇپ كەلگەن تاتار، تاڭغۇت، قوچو ئۇيغۇرلىرى قاتارلىق ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، بىرلىكتە قۇدرەتلىك قىتانغا تاقابىل تۇرماقچى ۋە شۇنىڭ بىلەن قىتاننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولدى.

ئىككىنچى، ۋاڭ يەندې قايتقاندا، قوچو، تاتار ئەللىرىنىڭ تەشەككۈر ئەلچىلىرىنى بىللە ماڭدۇرۇشلىرىمۇ، ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىشتىكى ھەقىقى مەقسىدى قوچو، تاڭغۇت، تاتارىيە بىلەن بىرلىكتە قىتانلارغا زەربە بېرىش، قىتانلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، تاتارلارنى ئالساق، ئۇلار مەملىكىتىمىز تارىخىدا مەشھۇر شىمال خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 9 - ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلارچېچىلىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيدىن - پەي موڭغۇلىيە يايلىغىنى ئىگىلەپ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، قىتانلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ كەلگەن. سۇڭ تەيزۇڭ گاۋلياڭ دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا ئۇچرىغان ئاھانەتكە چىداپ تۇرالمايتتى. 16 ۋىلايەتلىك شۇنچە ياخشى يۇجى زىمىنىنىڭ قىتانلار قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگىمۇ تەن بەرمەيتتى. ئۇ موڭغۇل يايلىغىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان تاتارلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق قىتان بىلەن ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ «ياتلارنىڭ كۈچى بىلەن ياتلارنى باشقۇرۇش» مەقسىدىگە يەتمەكچى بولاتتى. ۋاڭ يەندې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قوچوغا قىلغان سەپىرىدە ئارىلاپ ئۆتكەن توققۇز ئەل ئىچىدىكى ئورانگىت ئېلى، تېكىن تارخان يۈيۈ ئېلى، جۇەيلىزى ئېلى، ئادۇن ئېلى تاتارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىتان بىلەن ئەزەلدىن ئاداۋىتى بار ئىدى. ۋاڭ يەندې بۇ ئەللەرنى ئارىلاپ ئۆتكەندە، «خاننىڭ پەرمانى بويىچە بۇ ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا تون، ئالتۇن كەمەر، تاۋار - دۇردۇنلەرنى ھەدىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ تەشەككۇر بىلدۈردى» («قوشۇمچە.» 23 - جىلد). بۇنىڭدىن ۋاڭ يەندې قاتارلىقلارنىڭ قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىشتا تاتارلار بىلەن ئالاقە باغلاشتەك ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۈستىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لى داۋنىڭ «قوشۇمچە» سىنىڭ 24- جىلد«تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى تەيپىڭشىڭگونىڭ8- يىلى»ماددىسىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، «تاتارىيىنىڭ ئەلچىسى تاڭنېلى قوچو ئەلچىسى ئەنگۇلۇ بىلەن بىللە ئوردىغا كەلگەن». بۇلارنىڭ ۋاڭ يەندې قايتقاندا بىللە كەلگەن مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈچى ئەلچىلەردىن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئۈچىنچى، ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن قىتان ئەلچىسىنىڭ قوچو ئىدىقۇتى ئارسلانخان بىلەن شىمالىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بۇزىدىغان بىر قۇر سۆزلىرىمۇ يەنىلا ۋاڭ يەندېنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىشتىكى مەقسىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەمدى بىز «قوشۇمچە» نىڭ 25- جىلد «تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى تەيپىڭشىڭگونىڭ 1- يىلى 4 - ئاي» ماددىسىدا ئېيتىلغانلارغا قارايمىز: «7 - ئاي، ۋاڭ يەندېنى ئالدىن ياندۇرۇپ، ئىدىقۇتو - ئايدا قايتقان. بۇ چاغدا قىتاندىن كەلگەن ئەلچىمۇ بار ئىدى، ئۇ. ئىدىقۇت ئارسلانخانغا: «ئاڭلىشىمچە، تاتارىيىگە ئەۋەتىلگەن خەنزۇ ئەلچىسى زىمىن تەۋەلىرىدىن ئۆتۈۋېتىپتۇ، خان چېگرالارغا ئاگاھ بولغاي، ئەلچىلەرنى توختاتماي، تاتارىيىگە يولغا سالغاي، دىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن: خەنزۇ ئەلچىلىرى خاننىڭ زىمىن تېرىتورىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەل-

گەن. ئۇلارنىڭ باشقا غەرەزلىرى بار، خان پەخەس بولغاي»، دەپ ئېيتتى. ئۇنىڭ گەپلىـ
رىنى ۋاڭ يەندې بىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇتقا: «چۆەنرۈڭلار ئەزەلدىن
جۇڭگوغا ئىتائەت قىلماي كەلدى، ئەمدى يەنە ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتىدۇ. مەن
ئۇنى ئۆلتۈرىمەن» دېدى. ئىدىقۇت تەسەللى بېرىپ ۋاڭ يەندېنى بۇ ئىشتىن توستى».
لى داۋنىڭ بۇ خاتىرىسىدىن بىز شۇنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىزكى، شۇ دەۋردە
ئىككى چوڭ رەقىپ دۆلەت — قىتان خانلىقى بىلەن شىمالىي سۇڭ خاندانلىقى ئوتتۇرىـ
سىدا بېتەرەپ تۇرۇۋاتقان قوچو خانلىقىنى ھەر ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك يوللار
بىلەن ئۆزىگە تارتقان. شۇ جۈملىدىن قىتان ئەلچىسى «ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش
مىكرى بىلەن، ئىدىقۇت ئارسلانخاننى خەنزۇ ئەلچىلىرىنى «توختاتماي، تاتارىيىگە
يولغا سېلىش» قا، «چېگراغا پەخەس بولۇش» قا دالالەت قىلىپ، «خاننىڭ تېرىتورىـ
يىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن، باشقىچە غەرەزلىك» لەردىن كۆڭلىنى ئۈزدۈرۈـ
ۋەتمەكچى بولغان. دەرۋەقە، ئىككى تەرەپنىڭ كۈرەشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدە غەلىبە قىتان ئەلـ
چىلىرى تەرەپتە ئەمەس، شىمالىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ۋە ئۇنىڭ ھەمـ
راھلىرى تەرەپتە بولۇپ چىقتى. تەيپىڭشىڭگونىڭ 8 - يىلى باھاردا ۋاڭ يەندې، بەي
شاڭشۈن قاتارلىقلار قايتقىنىدا قوچو ئىدىقۇتىنىڭ ئەنگۈلۈ مىننەتدارلىق بىلـ
دۈرگۈچى ئەلچى سۇپىتىدە بىللە كەلدى. جىڭدېنىڭ 1 - يىلى ئەلچى كېلىپ ھەدىـ
يىلەر تاپشۇردى. 6 - ئايدا يەنە ئەلچى جىن يەنفۇ كېلىپ زىيارەت قىلدى. بۇ
ئەھۋال تاكى شېن زۇڭ دەۋرىگىچە، تاڭغۇتلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن
خېشى كارىدورىنىڭ توسالغۇنىغا قەدەر داۋام قىلدى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلار ئاساسىدا شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، تەيزۇڭنىڭ
يىلنامىسى تەيپىڭشىڭگونىڭ 6 - يىلى ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچىلىككە كېلىشتىن مەقـ
سىدى قوچو ئىدىقۇتى ئارسلانخان ئەلچىسىنىڭ زىيارىتىگە جاۋابەن ئېھتىرام خاراكتېـ
رىدا ياندۇرما زىيارەت قىلىش بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، قوچو، تاتار، تاڭغۇتـ
لار بىلەن ئالاقە باغلاپ، قىتاننىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە قىتاننىڭ تەسىرىنى
ئاجىزلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى.

## 3. «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دىكى
## توققۇز ئەلنىڭ ئېتنىك تەركىۋى

«سۇڭ تارىخى» 309 - جىلد «ۋاڭ يەندې تەزكىرىسى» دە: «يۇڭشىنىڭ 2 -
يىلى ئەلچى يېنىپ كېلىپ، «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» نى يېزىپ چىقىش بىلەن

خانىغا ھەدىيە قىلدى» دېيىلگەن. «سۇڭ تارىخى» 203 - جىلد «بەدىئىي ئەدەبىيات لار تەزكىرىسى» دە: «ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» بىر جىلد» دېيىلگەن. ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دىگەن كىتاۋىنىڭ ئۆزى ھازىرغا يېتىپ كېلەلمىگەن. لېكىن بىز بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى سۇڭ، يۈەن دەۋرى كىشىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاپىمىز. لى داۋ «قوشۇمچە» نىڭ 25 - جىلد «تەيزۇڭ نىڭ يىلنامىسى يۇڭشىنىڭ 6 - يىلى 4 - ئاي» ماددىسىدا، ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا قىلغان ئەلچىلىك سەپىرىنىڭ جەريانى قىسقىچە خاتىرىلەنگەن. ئەپسۇسكى، ۋاڭ يەندېنىڭ توققۇز ئەلنى ئارىلاپ، ئۆتۈش جەريانىنى تەپسىلى يازمىغان. لېكىن لى داۋدىن ئازراق كېيىن، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بىلەن ئۆتكەن جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىنىڭ 1 - يىلى (كۇيزۇڭنىڭ يىلنامىسى جيەنيەننىڭ 1 - يىلى (مىلادى 1127 - يىلى) تۇغۇلغان ۋاڭ مىڭچىڭ شياۋزۇڭنىڭ 2 - يىلى (1165 - يىلى) يەنى 40 يېشىدا يازغان «ئۆتكەنلەرنىڭ ئىزى بىلەن» دىگەن ئەسىرىدە توققۇز ئەل توغرىسىدا خېلىلا مۇپەسسەل يازغان. ۋاڭ مىڭچىڭ «ئۆتكەنلەرنىڭ ئىزى بىلەن» نىڭ 4 - جىلد «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا قىلغان ئەلچىلىك سەپىرىدە كۆرگەن - كەچۈرگەنلىرى» ماددىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«شياجۇ ۋىلايىتىدىن چىقىپ، يۈتىڭجېندىن ئۆتكەن، ئاندىن خۇاڭياڭپىڭدىن ئۆتكەن، بۇ يەر تۈزلەڭلىك بولۇپ كىيىك ياشايدىكەن. قۇملۇق باياۋاننى بېسىپ ماڭغان، بۇ يەر سۇسىز بولۇپ، يولۇچىلار سۇ ئېلىپ يۈرگەن. ئومۇمەن ئىككى كۈن يۈرۈپ، ئاندىن دۇلولو (都啰啰) ئېلىگە يەتكەن ... ئاندىن ماۋجياۋەيزى (茅家啰子族) ئېلىدىن ئۆتۈپ خۇاڭخې دەرياسى بويىغا يەتكەن... ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋنۈ تېكىن قايدۇ ئېلى (茅女王子开道族) دىن ئۆتۈپ، ليۇكېشا (六窠砂) قۇملۇقىغا كىرگەن ... ئاندىن ئورانگىت ئېلى (卧羊梁劾特族) دىن ئۆتكەن. بۇ يەردە تۇتۇق تېغى (都都山) بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېرى ئىدى. ئاندىن تەيزى دا چۇڭ ئېلى (太子大虫族) دىن ئۆتكەن، بۇ ئەل قىتانغا چېگراداش ... ئاندىن ۋۇدىمۇ (屋地目族) ئېلىدىن ئۆتكەن. ۋۇدىمۇ تېكىن تارخان يۈيۈنىڭ ئوغلى ... ئۇنىڭدىن كېيىن تېكىن تارخان يۈيۈ ئېلى (达干于越王子族) گە يەتكەن. بۇ ئەل توققۇز تاتار ئىچىدە مۆتىۋەر ئەلدۇر. ئاندىن تېكىن جۇەيلى ئېلى (拽利王子族) دىن ئۆتكەن ئاندىن ئادۇن ئېلى (阿墩族) دىن ئۆتكەن،

مادۇەنلىنىڭ «ۋېنشيەن تۇڭكاۋ — 文献通考» 336 - جىلد «4 تائىپە

ھەققىدە ئالدى - ئارقا قاڭقىل خانلىقى يەنى قوچو»، مادداسىدا پۈتكەنلىرى. يۈەن
دەۋرىدە ئۆتكەن توتو ( 脱脱 ) نىڭ «سۇڭ تارىخى» 490-جىلد «قوچو تەزكىرىسى»
دە پۈتكەنلىرى. ئايرىم ھەرپلەرنى ئىستىسنا قىلغاندا، يۇقۇرىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش،
ئېھتىمال بۇ، ۋاڭ ئەلچىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ۋاڭ ئەلچىنىڭ «ئۇنىڭ-
دىن كېيىن تېكىن تارخان يۈيۈ ئېلىگە بارغان. بۇ ئەل توققۇز تاتار ئىچىدە مۇتە-
ۋەر ئەل» دېگەن بۇ گېپى، مېنىڭچە، ناتوغرا. بۇ گەپ ۋاڭ يەندېنىڭ تەيپىڭشىڭگونىڭ
6 - يىلى قوچوغا بېرىشتا تېكىن تارخان يۈيۈ ئېلىدىن ئۆتكەندە يېزىپ
قالدۇرغان ئەينى گېپى ئەمەس. ئېھتىمال، ۋاڭ ئەلچىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بۇ خاتىرىنى
پىششىقلاپ ئىشلەۋاتقان چېغىدا ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىپ شۇنداق يازغان
بولسا كېرەك. ۋاڭ ئەلچىنىڭ ئەپقاچتى گەپلەرنى «ئۆتكەنلەر ئىزى بىلەن»گە يېزىپ
قويۇشى، ماددەۋەنلىنىڭ ئەسىرى — «ۋېنشىيەن تۇڭكاۋ»، «سۇڭ تارىخى. قوچو
تەزكىرىسى» قاتارلىق مەنبەلەردە بىردىن بىرىگە كۆچۈرۈلۈشى ئارقىسىدا تېخىمۇ ئەپ-
سانىلىشىپ كەتكەن. ھەتتا يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىمۇ تاتار تارىخى، ئۇي-
غۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بۇ قاراشقا ئەمەل قىلىۋاتقانلىقتىن، ئاق - قارا تېخى-
مۇ ئايرىلىشىپ كەلمەكتە. چاتاقنىڭ مەنبەسى ۋاڭ ئەلچىدە.

خوش، بىز نېمىگە ئاساسەن ۋاڭ ئەلچىنىڭ توققۇز ئەلنى توققۇز تاتار دەپ خاتا
بايان قىلغان دەيمىز؟

بىرىنچى، لى داۋنىڭ «قوشۇمچە» سىدە توققۇز تاتارغا ئائىت پۈتۈك يوق.
لى داۋنىڭ «قوشۇمچە» سى ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ موللىقى ۋە ئۇلارنىڭ كەڭتاشا
تاللاپ ئىشلىتىلىشى بىلەن شۇ دەۋردىكى ئىككى سۇڭ خاندانلىقى تارىخى توغرىسىدا
يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقى زامانىدا
ئۆتكەن يې شى «چۇنچيۇدىن قالسا بىردىن - بىر كىتاپ پەقەت مۇشۇ» دېگەن ئې-
دى. گەرچە بۇ ئارتۇقچە مۇبالىغە بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن شۇ دەۋردە ئالىملارنىڭ
بۇ كىتاپقا ئېتىۋار بىلەن قارىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لى داۋ تارىخ يېزىشتا
«كىتاپنىڭ ھەجمى چوڭ، مۇرەككەپ بولۇپ كەتسە كەتسۇنكى، لېكىن چۈشۈپ قې-
لىپ ئۈزۈك بولۇپ قالمىسۇن» دېگەننى پىرىنسىپ قىلىدۇ. بۇ زور ھەجىملىك تارى-
خىي ئەسەردە دەلىل كەلتۈرۈلگەن ئەسەرلەر 300 دىن ئوشۇق بولۇپ، بۇ جەھەتتە
سىماگۇاڭنىڭ ئەسىرى — «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» دىن ھالقىپ چۈشىدۇ.
ئەسەر ئۈچۈن ھەددى - ھېسابسىز ماتېرىياللار ئاختۇرۇلغان، ئۇلار پۇختا، ئىنچىكە
تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگەن. شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى ھەر قايسى سۇلالىلەر-

نىڭ «دۆلەت تارىخى»، «خىرونولوگىيىسى»، «مەجمۇ ئەلىرى»، «ئىقىمدىكى سىياسەت
خاتىرىلىرى»، «كالىندارى» قاتارلىقلار ئاختۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە ئەپسانە - چۆچەك-
لەر، هەر خىل كىشىلەرنىڭ شەجەرىلىرى، ئومۇمى ۋە ئايرىم ئەدىبىي توپلاملار،
تەزكىرە خاراكتېرلىق تاش پۈتۈك قاتارلىق هەر خىل تارىخلارمۇ تېرىلگەن، ئاخ-
تۇرۇلغان. هەر قاچان بىر ۋەقە ئۈچۈن 3 - 4 خىل ماتېرىيال جەملىنىپ، ئېھتىيات
بىلەن تاللانغان، پۇختا تۈزىتىلگەن. جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدە ياشىغان چېن فۇلياڭمۇ
قايىل قالغان هالدا: «بۇنىڭدا پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ كىتاپلىرىنىڭ جەمئىسىنى
كۆرىمىز، بۇنى تولۇق كىتاپ دېيىشكە بولىدۇ» دېگەن («ۋېنشيەن جىنكاۋ» (文献
近考) 193 - جىلد «كىلاسسىك ئەسەرلەر تەھلىلى» گە ئىزاھلار). مانا شۇنداق ئىكەن،
مېنىڭچە، لى داۋ ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك سەپىرىدە كۆرگەن - كەچۈرگەن-
لىرى» نى بايان قىلىپ بېرىدىشتە، توققۇز تاتار ۋە ئۇنىڭغا ئائىت «تېكىن تارخان
يۇيۇ ئېلىدىن ئۆتكەن، بۇ ئەل توققۇز تاتار ئىچىدە مۆتىۋەر ئەل» دېگەن
گەپنى خاتىرىلىمەسلىكى لى داۋنىڭ تارىخ يېزىشتا سەۋەنلىك بىلەن چۈشۈرۈپ قويۇشى
ياكى قىسقارتىۋېتىشى ئەمەس، بەلكى لى داۋنىڭ ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراپ قەس-
تەن يازماي كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئىككىنچى، ۋاڭ مىڭچىڭ خاتىرىلىگەن، ۋاڭ يەندې بايان قىلغان
ئاتالمىش «توققۇز تاتار» نىڭ ئېتنىك تەركىۋىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەنى-
دىمۇ، توققۇزئەلنىڭ ھەممىسىنىڭلا تاتار ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاڭغۇت قاتارلىق-
لارنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. تاتارلارغا مەنسۇپلىرى: 1 . ئورانگىت ئېلى، «ۋېن-
شيەن جىنكاۋ» نىڭ «4 تائىپە ھەققىدە» دە، «سۇڭ تارىخى» نىڭ «گاۋ چاڭ تەز-
كىرىسى» دە ئومۇمەن ئورانگىت ئېلى (卧梁劾族) دەپ يېزىلغان، بۇ توغرا. «ئۆت-
كەنلەرنىڭ ئىزى بىلەن» دە 卧羊梁劾特族 دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە 卧 ھەر-
پىدىن كېيىنكى 羊 ھەرپىنى «衍» دەپ ئوقۇش كېرەك. «موغۇللار تارىخى»نىڭ
1 - قىسمىدا: «بۇرخان تېغى ئەسلىدە ئورانخايلار (兀良孩人) نىڭ ئوۋ قىلىدىغان
جايى،مەسىلەن، توپ مەرگەن (朵奔蔑儿干) تۇرغۇزغان مارال دېگەن كىشى ئوران-
خايلاردىن لەنبىئېتەى (连别额台) نىڭ 5 - بوۋىسىدۇر. ئونون دەرياسى بويىدىكى
نىلبى (捏里必) يۇدىنبى (遇敦必) لەرمۇ ئورانخايلار» دېيىلگەن. بۇرخان تېغى
(不罕山) هازىرقى كېنىت تېغى بولۇپ، 5 دەۋر، شىمالىي سۇڭ زامانلىرىدىكى ئوران-
خايلار بۇرۇندىن تاشقى موڭغۇلىيە دائىرىسىدە ياشىغان. ۋاڭ يەندې قۇملۇقتىن ئۆت-
كەندىن كېيىن غەربىي شىمالغا — ۋېنكۇن (唱昆) هاۋزىسىغا قاراپ مېڭىپ، بۇ ئەل-

نىڭ يايلىغى بىلەن ئۆتكەن. بۇ يەردىكى ئورانگىت ئېلى (卧梁劾特族)، «مەخپىي تارىخ» تىكى ئورانخاي ئېلى (兀良孩族) بولۇپ، ئۇلار توققۇز تاتارلار ئىچىدىكى بىر ئەلدۇر. 2 . تېكىن تارخان يۈيۈ ئېلى، تارخان (达干) تۈركچە مەنسەپ نامى. «لياۋ تارىخى» نىڭ 13 - جىلد «شېڭزۇڭ خاتىرىسى» دە: تۈڭخېنىڭ 8 - يىلى 6 - ئايدا ئارسلان ئۇيغۇرلىرى، يۈيۈ داللىرى تەرىپىدىن ئەلچى بولۇپ ئوردىغا كەلگەن تارخان بىلەن يۈيۈ ئوخشاشلا مەنسەپ نامى دېيىلگەن. تېكىن تارخان يۈيۈ ئېلى شۈجۈجېڭنىڭ «كونا 5 دەۋر» دېگەن ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن كېيىنكى تاڭ خانى جۇاڭزۇڭنىڭ يىلنامىسى تۈڭگۇاڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 925 - يىل) قەيت قىلىنغان «تاتار باشقانى يۈيۈ» بىلەن شەك - شۈبھىسىز بىر ئەل. 3. ۋۇدىمۇ ئېلى، ۋاڭ مىڭچىڭ: «ئۇ تېكىن تارخان يۈيۈنىڭ ئوغلى» دېگەن. دېمەك ئۇنىڭ تاتارغا تەئەللۇق ئەل ئىكەنلىكى روشەن. 4 . تېكىن جۇەيلى ئېلى، «ئۆتكەنلەر ئىزى بىلەن» دە: «ئاندىن تېكىن جۇەيلى ئېلىدىن ئۆتكەن، بۇ يەر خېلو تۈزلەڭلىكى، تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەلىكىسىنىڭ تۇرغان جايى. شەھەرنىڭ ھۇلى ھازىرغىچە ساقلانغان، ئار شاڭ بۇلاقلىرى بار. تەزكىرىدە قىتانلار قەدىمدە ئۇيغۇرلارنىڭ قويىنى باققان، تاتارلار قەدىمدە ئۇيغۇرلارنىڭ قويىنى باققان، ئۇيغۇرلار گەنجۇغا كۆچكەندىن كېيىن، قىتانلار بىلەن تاتارلار ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ ئۇرۇشقان دەيدۇ» دېيىلگەن. ۋاڭ مىڭچىڭنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، تېكىن جۇەيلى ئېلى شۇ چاغدا خېلو تۈزلەڭلىكنى ئىگىلەپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ چوقۇم تاتارلار ئىچىدىكى بىر ئەل. 5. ئادۇن ئېلى، يەر دائىرىسى نۇقتىسىدىن تەكشۈرگەندە، تاتارىيەدە تۇرغان. ئېھتىمال تاتار ئەللىرىدىن بىرى بولسا كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان 5 ئەل تاتارلارغا مەنسۇپ بولۇپ، قالغان 4 ئەل بولسا، مېنىڭچە، تاڭغۇتلار ۋە ئۇيغۇرلاردۇر. 1. دۇلولو ئېلى. شياجۇۋىلايىتىدىن چىقىپ، يۇتىڭجېندىن ئۆتۈپ، خۇاڭياڭپىڭغا بېرىپ، قۇملۇقتا ئىككى كۈن يۈرسە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئەل بىلەن سۇڭ خاندانلىقىنىڭ زېمىن چېگرىسى يىراق ئەمەس. ئۇ، بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئېكىجاۋئايمىقىدىكى قۇملۇقنىڭ ئىچىدە. «سۇڭ تارىخى» نىڭ 491 - جىلد «تاڭغۇتلار تەزكىرىسى» دە، شۇ چاغدا «لولى ئېلى دۇلو» (罗勒族都啰) لارنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يەر - جاي جەھەتتىن قارىغاندىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ۋاقىت، ئەلنىڭ نامى جەھەتلىرىمۇ ئومۇمەن ئوخشىشىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ تاتار ئېلى ئەمەسلىكىگە ئۈزۈپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. 2 . ماۋجيا ۋەيزى ئېلى، ۋاڭ مىڭچىڭنىڭ ئېنىق خاتىرىلىشىگە قارىغاندا، بۇ

مىللەت «خۇاڭخې دەرياسى بويىغا جايلاشقان. قوي تېرىسىنى تۇلۇم قىلىپ ئىچىگە يەل بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇدا ئۈزگەن ياكى تۇلۇمغا مىنىپ، پالاق بىلەن سۇنى يېرىپ ئۆتكەن». ماۋجىيا ۋەيزى ئېلى خواڭخېنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولغان. جايلاشقان ئورنى جەھەتتىن قارىغاندا، زادىلا تاتار ئەمەس، بەلكى تاڭغۇتلاردىن بولۇش ئېھتىمالى چوڭراق. 3. ماۋنۇ تېكىن قايدۇ ئېلى (茅女王子开道族)، ماۋنۇ تېكىن قايدۇ ئېلى ۋاڭ مىڭچىڭنىڭ خاتىرىسى بويىچە ليۇكېشا قۇملۇقىدىن ئۇنچىلىك يىراق بولمىغان يەردە، خواڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ليۇكېشا قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ ئەلنىڭمۇ توققۇز تاتارنىڭ بىرى بولۇشى ناتايىن. «سۇڭ مەجمۇئەلىرى» دىكى 4 «تائىپە» نىڭ 2 - سىدە: «دۇەنگۇڭنىڭ 1 - يىلى 9- ئايدا ئۇيغۇر تۇتۇغى شىرېنجېڭ (石仁政)، مولو تېكىن (麽啰王子)، مياۋنۇ تېكىن (邈奴王子) لەر خۇاڭشۈي ۋىلايىتىنى تاشلاپ چىقىپ، 4 ئەلنى ئارىلىغان ۋە ئۇلارنى يىغىپ بېرىپ خېلەنشەن تېغىنىڭ ئېتىكىنى ئىگىلەپ، ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان. ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ كۆپى بۇ جايغا خىراج تۆلىگەن» دېيىلگەن. شېن سېڭجېڭنىڭ «خەيرىلۇ جاسۇڭ» (海日楼扎丛) دىگەن ئەسىرىنىڭ 2 - جىلدىدا «سۇڭ مەجمۇئەلىرى» دە ئېيتىلغان 4 ئەل ئىچىدىكى ماۋنۇ تېكىننى تەكشۈرۈپ، ماۋنۇ تېكىن قايدۇ ئېلى دەپ ئىسپاتلايدۇ. مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق. 4. تەيزى دا چۇڭ ئېلى («سۇڭ تارىخى» نىڭ «قوچو تەزكىرىسى» دە «داچۇڭ تەيزى ئېلى» دەپ پۈتۈلگەن. «ۋېنشيەن جىنكاۋ» دىمۇ شۇنداق پۈتۈلگەن)، شۆجۇ جېڭنىڭ «5 دەۋرنىڭ كونا تارىخى» 40 - جىلدىنىڭ كېيىنكى تاڭ خانى مىڭزۇڭنىڭ يىلنامىسى تيەنچېڭنىڭ 4 - يىلى خاتىرىسىدە، يەنە شۇ كىتاپ 40 - جىلدىنىڭ كېيىنكى تاڭ خانى مىڭزۇڭنىڭ يىلنامىسى چاڭشىڭنىڭ 3 - يىلى خاتىرىسىدە، يەنە سىما گۇاڭنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دىگەن ئەسىرىنىڭ 26 — 27 - جىلدلىرىدا كاڭفۇ «تۆبۆت ئېلى ۋە داچۇڭ ئېلىنىڭ نەچچە مىڭ ئاۋۇلى بىلەن توقۇنۇشۇپ... ئۇلارنى تارمار كەلتۈرگەن» دېيىلگەن ھەمدە «كېيىنكى تاڭ خانى مىڭزۇڭنىڭ يىلنامىسى چاڭشىڭنىڭ 3 - يىلى كۈز 7 - ئايدا سۇفاڭدىن شياجۇ ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرگەن تاڭغۇتلارنى زەربە بىلەن قايتۇرۇپ، خېلەنشەن تېغىغىچە قوغلاپ باردى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شۆجۇجېڭ ۋە سىماگۇاڭلار تىلغا ئالغان داچۇڭ (大虫) ئېلى تاڭغۇت ياكى تۆبۆت ئېلى بولۇپ، ئەسلا تاتار ئەمەس. بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق.

ئومۇمەن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان توققۇز ئايماقنى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىندى-
كە ئىمىز . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەركىۋى مۇنداق: ئورانگىت ئېلى، ۋۇدىمۇ ئېلى، تېكىن
تارخان يۇيۇ ئېلى، تېكىن جۇەيلى ئېلى، ئادۇن ئېلى قاتارلىق بەش ئايماق شەك-
شۈبھىسىز تاتار ئېلى ئىچىدىكى ئايماقلاردۇر. ئۇلار يىراقتا - چوغالى تاغ تىزمىلىرى-
نىڭ سىرتىغا جايلاشقان. تاغنىڭ جەنۇبىدا ئۇلارنىڭ ئىزى يوق. دولولو ئېلى، ماۋ-
جياۋەيزى ئېلى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغاقلىرىدا، ئىكەجاۋ
ئايمىغى دائىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ. ئۇلارنىڭ تاڭغۇتلاردىن بولۇش ئېھتىمالى چوڭ-
راق . « خېلەنشەن تېغى ئېتەكىنى ئىگىلەپ. ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان ماۋنۇ تېكىن
قايدۇ ئېلى ئېھتىمال ئۇيغۇرلار مىلادى 840 - يىلى قىرغىزلار تەرىپىدىن تار مار
قىلىنىپ، «ئەل ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن» . خەلق غەرپكە قاچقاندا. قاچالماي خې-
لەنشەن تېغى دائىرىسىدە چېچىلىپ قالغان قالدۇق ئۇيغۇلار بولسا كېرەك. «سۇڭ مەج-
مۇئەلىرى » نىڭ «ئۇيغۇرلار تائىپىسى» بابىدىكى: ئۇلار «ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان» دېيى-
لگەن گەپلەرنىڭ ئۆزى مانا شۇ ئەھۋالنىڭ ئەينەن خاتىرىسىدۇر. دېمەك. ماۋنۇ تېكىن
قايدۇ ئېلىنى ئۇيغۇرلار دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. داچۇڭ تەيزى ئېلىنى تاڭغۇت
ياكى تۈبۈت ئېلىدىن دەپ خاتىرىلىگەن شۆجۇجېڭ. سىماگۇاڭلارنىڭمۇ ئاساسى يوق
ئەمەس. شۆجۇجېڭ «دۆلەت تارىخى» ۋە «5 دەۋر تارىخى» نى يېزىشقا باشچىلىق
قىلغان. سول قول پۇتۇكچى ، جاۋۋېنگۇەندە دوكتور بولغان. تارىخىي
ئەسەر يېزىشتائەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتقان. ئۇ. تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى تەي-
پىڭشىڭگونىڭ 6 - يىلى 6 - ئايدا يەنى ۋاڭ يەندې قوچوغا ئەلچىلىككە مېڭىپ بىر
ئايدىن كېيىن ئۆلگەن . دېمەك، ئۇ غەربىي شىمال دائىرىسىدە ياشىغان شۇچاغدىكى مىللەت-
لەرنىڭ نامىنى ۋە ئۇلارنىڭ سۇڭ خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى شەك -
شۈبھىسىز بىلەتتى. ئۇنىڭ داچۇڭ ئېلىنى تاڭغۇت دېيىشى، دەرۋەقە، ئاساسسىز ئەمەس. سىما
گۇاڭنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» نى يېزىشتا تۇتقان پوزىتسىيىسى تېخىمۇ
شۇنداق بولۇپ، پاكىتسىز ئېغىز ئاچمىغان، قارىسىغا يازغان ئەمەس. ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ
ئۈچىنچى، ئېھتىمال، ۋاڭ مىڭچىڭ تاڭ دەۋرىدىن شىمالىي سۇڭ دەۋرىگىچە بولغان
تارىخىي ئەسەرلەردە پۈتۈلگەن «توققۇز تاتار» ياكى «تاتار ئېلىنىڭ توققۇز قەبىلىسى»
نى ۋاڭ يەندې تەيزۇڭنىڭ يىلنامىسى تەيپىڭشىڭگونىڭ 6 - يىلى قوچوغا ئەلچىلىك بىلەن
كېتىۋېتىپ ئۇچراتقان ۋە بايان قىلغان توققۇز ئەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. خاتا ھالدا
ۋاڭ يەندې ئارىلاپ ئۆتكەن توققۇز ئەلنى تاتارلارنىڭ توققۇز ئېلى ياكى توققۇز تاتار دەپ
ھېساپلىغان بولسا كېرەك. توققۇز تاتار ھەققىدىكى تۇنجى مەلۇماتنى مىلادى 732 - يىلى

(تاڭ شۇەنزۇڭنىڭ يىلنامىسى كەيۈەننىڭ 20 - يىلى) دىكى ئورخۇن تۈرك بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى ۋە مىلادى 747 - يىلدىكى ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا خاتىرىلەنگەن ئەينى زاماندىكى ئۇرۇش ۋەقەلىرىدىن ئۇچرىتىمىز. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن توتونىڭ «لياۋ تارىخى» دىكى «شېن زۇڭ خاتىرىسى» دىمۇ تۇڭخېنىڭ 23 - يىلى (سۇڭ خانى جېنزۇڭنىڭ يىلنامىسى جىڭدېنىڭ 2 - يىلى يەنى 1005 - يىلى) «تاتار ئېلىنىڭ توققۇز قەبىلىسى ئەلچى بىلەن تارتۇق ئەۋەتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. توققۇز تاتارىياكى تاتار ئېلى توققۇز قەبىلىسىنىڭ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ زىيارەت قىلغان ۋە ھەدىيە بەرگەنلىكى تارىختا ھەقىقەتەن بولۇپ ئۆتكەن ئىش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ يەندېمۇ قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىشتا توققۇز ئەلنى راستىن ئارىلاپ ئۆتكەن ۋە بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ يىراقتىن كۆپرەكى تاتارلار، بەزىلىرى يەنىلا توققۇز ئەلنىڭ بىرى بولغانلىقتىن، شۇنداقلا ۋاڭ مىڭچىڭ شىمالىي سۇڭ زامانلىرىدىن 170 - 180 يىل كېيىن جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدە تۇغۇلغان ئادەم بولغانلىقتىن، ۋاڭ يەندې ئارىلاپ ئۆتكەن ۋە بايان قىلغان تاغۇت، ئۇيغۇر، تاتارلارنىڭ توققۇز قەبىلىسىنى ۋاڭ مىڭچىڭ ئارىلاشتۇرۇپ توققۇز تاتار قىلىۋېتىشتىن خالى بولالمىغان.

4 . «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دىكى بايانلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنى

1 . ۋاڭ يەندېنىڭ ئەلچىلىك سەپىرىدە بېسىپ ئۆتكەن يولى. ۋاڭ يەندېنىڭ سەپىرى «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە مۇپەسسەل خاتىرىلەنگەن. چېن جۇڭمىيەن ئەپەندىم «جۇڭشەن داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1957 - يىل 3 - سانىدىكى «تاتار مەسىلىسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا، بىر «3 بۆلۈك شەكلىدىكى يول» نى تەتقىق قىلىپ ئېنىقلىغان، بۇ ناھايىتىمۇ توغرا. يەنى ۋاڭ يەندې شياجۇ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خېڭشەن ناھىيىسى دائىرىسىدە) دىن يولغا چىقىپ، يۈتىڭجېن بىلەن ماڭىدۇ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاۋال قەدىمقى ئۇيغۇر شەھرىنىڭ ئۆپچۆرىسىگە يەنى «خېلو تۈزلەڭلىكى» رايونىغا يېتىدۇ، ئاندىن غەربىي جەنۇپقا بۇرۇلۇپ ماڭىدۇ، ياكى يىراقتىن ئايلىنىپ «گۇيخوا شەھرىنىڭ سىرتىدىكى بىلەن بۇرۇندىن بار يول ئارقىلىق ئوردوس ياپىلىقى (خېتاۋ) نى ياقىلاپ غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئېجىنا خوشۇنى سىرتىدىن ئايلىنىپ، سەيىن جويان، جاساكتۇلاردىن ئۆتۈپ» ئېۋدىرغول (بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ناھىيىسى) غا يېتىپ كېلىدۇ.

2 . قوچو دۆلىتىنىڭ تۈرلۈك ئەھۋالى مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇلغان. جۇغراپىيىلىك

ئورنى: بۇ يەرنىڭ جەنۇبىدا قوردان (خوتەن)، غەربىي جەنۇبىدا ئەرەپ خەلىپىلىگى، پارس، غەربىدە ھىندىستان، بېلوجىستان، ھىمالايا، پامىر (كۆكتارت) لار جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقلىرى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ؛ ئىقلىم شارائىتى: بۇ يەردە قار - يامغۇر ياغمايدۇ، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، تومۇز كۈنلىرىدە كىشىلەر يەر ئاستى گەمىلىرىدە تۇرىدۇ. ئۇچار قاناتلار سۇ بويىغا توپلىشىۋالىدۇ. ئۇچسا كۈننىڭ تەپتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، قانىتى كۆيۈپ يېقىلىدۇ. ئۆيلەر ئاق گەنج بىلەن ئاقارتىلىدۇ. بەش سۈك قىلىنلىقتا يامغۇر ياغسا، لاچار ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئوت ئىسسىق، يامغۇر ئاز بولۇپ، تىپىك قۇرۇقلۇق ئىقلىمى. يەر - سۈيى ۋە ئادەملىرى: ئالتۇن تاغدىن كېلىدىغان سۈيى بولۇپ، شەھەرنى چۆرىدەپ ئايلىنىپ ئاقىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئېتىزلار سۇغۇرۇلىدۇ ۋە تۈگمەن چۆرىلىدۇ، ھەر خىل زىرائەت ئۆستۈرۈلىدۇ، ئارپا تېرىلمايدۇ. ھۆكۈمران دائىرىلەر ئاشلىقنىڭ سىرتىدا قوشۇمچە قوي ۋە ئۆردەك، غاز يەيدۇ. كىشىلىرى مۇزىكىغا ئامراق، كۆپىنچە بەرباپ ۋە غوڭقا قاتارلىق سازلارنى چالىدۇ. ئاق كۆڭۈل - تۈز، ھۈنەرۋەن كېلىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈرلەرنى ئاۋلايدۇ. قاچا - قۇچا، جابدۇق ياسايدۇ. قاش تېشىغىمۇ ئىشلەيدۇ. بۇلغۇن - سۆسەر، ئاق كىگىز، كەشتىلىك، گۈللۈك رەختلەر چىقىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. خوتۇن - قىزلار چاچ سالىدۇ، ئۇنى «سۇمۇزە» دەيدۇ. تاڭ دەۋرىنىڭ يىلناملىرىدىن كەييۈەن يىلىنىڭ 7 - يىل كالېندارىنى ئىشلىتىدۇ، 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىنى «جانىۋارلارنىڭ تىرىلىشى» ھىساپلايدۇ. قالغان ئەتىياز، كۈز بەيرەملىرى، قىشتاكۈننىڭ توختاش كۈنىمۇ تاڭ كالېندارى بىلەن ئوخشاش، ئۆلار ئويۇنچى كېلىدۇ، يولدا كىشىلەر ساز ئېلىپ يۈرىدۇ. يەنە كۈمۈش ياكى مىستىن نوكەش ياساپ، ئىچىگە سۇ تولدۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە چاچرىتىدۇ. ياكى بىر - بىرى بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوينايدۇ. مۇشۇنداق قىلسا «ئىسسىق بېسىلىدۇ، كېسەل ساقىيىدۇ» دەپ ھىساپلايدۇ. دىنىي ئېتىقادى: قوچولىقلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. 50 تىن ئوشۇق بۇتخانىسى بولۇپ، ھەممىسىدە تاڭ خاندانلىقىنىڭ ھەدىيىلىرى بار. ئىبادەتخانا ئىچىدە 《大藏经》 (بۇددا نوملىرى)، 《唐韵》 (تاڭيۈن)، 《王篇》 (ۋاڭ پيەن)، 《经音》 (جىڭيىن) قاتارلىقلار ساقلانغان. ئاھالىلار ئەتىياز ئايلىرىدا توپ - توپى بىلەن كېلىپ بۇتخانىلارنى ئارىلايدۇ. سەيلە - زىيارەت قىلغۇچىلار ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقيا بىلەن جانلىقنى ئاتالىسا ئاپەتنى دەپنە قىلغانلىق بولىدۇ. ئىبادەتخانىدا خان يارلىقلىرى راۋىغى تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭدا

تاڭ تەيزۇڭ. تاڭ مىڭخۇاڭ (لى لۇڭجى) لەرنىڭ يارلىق، ئەمرى - پەرمانلىرى بار. ئۇلار ئېھتىيات بىلەن لىپاپلانغان. بۇنىڭدىن باشقا، مانى ئىبادەتخانىسىمۇ بولۇپ، بۇددا نومىدا « بەد مەزھەپ » دەپ ئاتىلىدىغان پارس راھىپلىرى ئۆز كىتاپلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشىدۇ. قارىنىغىدىكى ئەللەر: جەنۇبىي تۇركلەر، شىمالىي تۇركلەر، چوڭ چۇمۇللار (大熨众)، كىچىك چۇمۇللار، ياغمىلار، قارلۇقلار، قىرغىزلار، مومەن (末蛮) لەر، گېدو ئېلى (格哆族)، يۇلوڭ ئېلى (预龙族) قاتارلىقلار. مەملىكەتتە مۆھتاجلار يوق. ئاشلىغى تۆگەپ قالغانلارنى ئومۇم قۇتقۇزىدۇ. كىشىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. كۆپچىلىك كىشىلەر يۈز ياشتىن ئوشۇق ياشايدۇ. ياش ئۆلۈپ كېتىدىغانلار يوق. كان مەھسۇلاتلىرى: بەشبالىقنىڭ شىمالىدىكى تاغدىن نۆشۈدۈر چىقىدۇ. تاغدىن ھەمىشە بۇرۇقلاپ تۇتۇن چىقىپ تۇرىدۇ. تۇمان - بۇلۇت بولمايدۇ. ھەر ئاخشىمى مەشئەلگە ئوخشاش يېنىپ تۇرغان ئوت يالقۇنى مەۋجۇداتنى قىپ - قىزىل رەڭگە پۈركەيدۇ. نۆشۈدۈر قازغۇچىلار ياغاچ كەش كىيىپ ئالمىسا، ئايىغىنىڭ چەمى كۆيۈپ كېتىدۇ. ئاستىدىكى ئازگالدا كۆك لاي بولۇپ، لاينى ئازگالدىن چىقارسا تاشقا ئايلىنىدۇ، يەرلىك ئاھالە ئۇنى كۆنچىلىكتە ئىشلىتىدۇ.

خۇدا بەردى سېلىم تەرجىمىسى

# «دىۋان مەشھۇرى» توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات

مەتىمەن يۇسۇپ

ئۆتمۈشتىكى جاھالەتلىك زامانىنىڭ قارا تورزاڭلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قولىيازما يادىكارلىقلىرىدىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ - توپىلار قېقىپ تاشلاندى. پارتىيە 11 نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بۇ ئەدەبىي مىراسلار ئۆزلىرىنىڭ پارلاق نۇرلىرىنى يېڭىۋاشتىن چېچىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشمەكتە.

مانا شۇنداق قىممەتلىك قولىيازما ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 18 - ئەسىردە ئۆتكەن لىرىك شائىرى ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ غەزەلىيات دىۋانىدۇر. نۇرغۇنلىغان ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى 1983 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەدىمىي شەھىرى يەكەندىن تېپىلدى.

## ئەسەرنىڭ ئەھۋالى

بۇ ئەسەر پاتلانغان قېلىن خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم، قارا سىيادا خەتتە پارسى ئۇسلۇبى ① بىلەن ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان. ئەسەرنىڭ فورماتى 18 X 13 بولۇپ، 178 بەتتىن ئىبارەت. ھەر بېتىدە 13 تىن 10 غىچە قۇر يېزىلغان. جەمئىي 205 غەزەل، 3 مۇخەممەس، 1 مۇسەددەس، 2 تەرجىئىبەند (بوغۇم قايتۇرۇش)، 2 مەرسىيە ۋە 1 مۇناجاتتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىسى 3960 مىسرا.

ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ بۇ غەزەلىيات دىۋانى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدىكى بىر ئېسىل گۆھەر. بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى،

---

① خەتتاتلىقتا خەت ئۇسلۇبى خەتتە پارسى، خەتتە ئەرەبى، خەتتە كۇفى قاتارلىق بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. خەتتە پارسى دېگەنلىك — بۇ ئەسەر پۈتۈنلەي پارس تىلىدا يېزىلغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ.

شائىر كىشىلىك مۇھەببەتنى شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىگە قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ فېئوداлизмغا قارشى دېموكراتىك تەلىۋىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئاجايىپ گۈزەل لىرىك مىسرالار ئارقىلىق ساپ مۇھەببەتنى كۈيلەپ، ئەركىن مۇھەببەتكە يېتىشتىن ئىبارەت ئارزۇ - ئۈمىدىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن شائىرنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىغا «كاژ پەلەك» يول قويمايدۇ.

شائىر ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايۋاتقانلىقىنى بىۋاسىتە ھالدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن باغلايدۇ. ئەركىن مۇھەببەتنى خانىۋەيران قىلغۇچى فېئودال بايلارنى، مۇتەئەسسىپ دىنىي روھانىلارنى ۋە سوپىلارنى قاتتىق سۆكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ دىۋاندا كۈيلەنگەن ساپ مۇھەببەت تېمىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. دېمەك، شائىر ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنى خەلق بىلەن، بىر پۈتۈن ئەل بىلەن باغلايدۇ. بۇ، شائىرنىڭ خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ روشەن بەلگىسى بولۇپلا قالماي، خەلقنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنىمۇ كۈچلۈك گەۋدىلىنىشى. شائىرنىڭ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

ئىبراھىم مەشھۇرى بۇ دىۋاندا كامالەتكە يەتكەن لىرىك شائىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. شائىر مەشھۇرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇ ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر ناۋايى، سەككاكى قاتارلىق سەنئەت ئۇستىلىرىدىن ئەستايىدىل ئۆگەنگەن.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ئىجاتچانلىقتا. ئىبراھىم مەشھۇرى كلاسسىك شائىرلاردىن ئۆگەنگەندە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تىرادىتسىيىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى شېئىرىي پىكرىدە ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا ئۆزگىچە يېڭىلىق ياراتقان.

مەشھۇرىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيەت شۇكى، دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى مۇھەببەت لىرىكىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شەكلى ھەر خىل. شائىر لىرىك ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ھەر خىل ۋەزىندىكى شېئىر شەكىللىرىدىن پايدىلانغان. ئەپسۇسكى، ئەسەرنىڭ قولىمىزغا كەلگەن نۇسخىسى تولۇق ئەمەس. 1 - 2 - غەزەللەر يېزىلغان بەتلەر كەم، شۇڭا، 3 - غەزەلدىن باشلاشقا توغرا كەلدى. مۇئەللىپ توغرىسىدىكى ماتېرىياللار تېخى تولۇق تېپىلمىغان شارائىتتا باشلانغان بۇنداق تەتقىقات خىزمىتىنىڭ نۇقسانسىز بولماسلىقى تەبىئىي. ئەلۋەتتە، بۇنداق

نۇقسانلارنىڭ مۇشۇ ئەسەر ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىنىشىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى، خامان ئۆنجىلەرنىڭ توپلىنىشىدىن. دېڭىز قەترىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولىدۇ....

### شائىرنىڭ نامى، يۇرتى، ھاياتى ۋە ياشىغان دەۋرى

بۇ بەدىئى سەنئەت گۈلزارىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن بۇ كىتاپنى قولغا ئالغان كىتاپخان ئەسەرنىڭ ئاخىرىغىچىلىك شائىرنىڭ ئوچۇق ئاشكارا نامىدىن دېرەك تاپالمايدۇ. پەقەت « مەشھۇرى » دىگەن بىر تەخەللۇسنىلا ئۇچرىتىدۇ. خۇلاس. چۈنكى شائىر ئۆز ئەسىرىدە باشقا مۇئەللىپلەردەك، ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۆز ئىسمىنى ئىزھار قىلىش ئادىتىنى قىلمىغان. ئۇ يازىدىغانلىرىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا يازغان مۇناجاتىدا ئۆز ئىسمىنى ئاشكارىلاپ سۆزىنى تاماملىغان. بۇمۇ شائىرنىڭ كەمتەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

مۇناجات مۇنداق باشلىنىدۇ:

« پادىشاھا رەھىم قىل ئاجىزۇ ھەيرانىدۇرمەن،
دەرت ـ غەم تىغلىرىدىن بۇ جىگىرى قانىدۇرمەن،
ئاھ ھەسرەت ئوتىدىن سىنەسى بەر ياندۇرمەن①،
كۆزدە ياش، سىنەدە تاش ھالى پەرىشاندۇرمەن،
دەربەدەر يۈرگۈچى ئەۋارەئى دەۋراندۇرمەن②.»
............................................

مۇنداق تۈگەيدۇ:

« تۈنۈ ـ كۈن بولدى مېنىڭ پىسىق ئىشرەت گاھىم،
ھەر سىرى كۈيىدا ئىبلىس لەئىن ③ ھەمراھىم.
ئاقىۋەت تەۋبىگە تەۋفىق بېرىپ ئاللاھىم.
كەلدى دەرگاھىڭە بۇ يۈزى قارا ئىبراھىم.
گۇناھ ئامۇرزە④ غەرقىدىئى ئىسياندۇرمەن.»

---

① بەريان (پ) ــ كاۋاپ. ② ئەۋارەئى دەۋران (پ) ــ زاماننىڭ ئەۋارىسى.
③ ئىبلىس لەئىن (پ) ـ لەئنەت قىلىنغان شەيتان. ④ ئامۇرزە (پ) ـ كەچۈرگۈچى.

مانا مۇشۇ مىسرادا بىزگە شائىر نامىنىڭ ئىبىراھىم ئىكەنلىكى، « مەشھۇرى » ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

شائىرنىڭ يۇرتى: شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ بىر قانچە يەرلىرىدە يەكەن ئۇستىدە توختىلىپ، يەكەنگە يېڭى كەلگەن شاھنى ۋە يەكەننى مەدھىيلەپ تۆۋەندىكىچە غەزەل يېزىپ قالدۇرغان:

« گۈلئۇزارى كەلدىكىم بولدى گۈلىستان يارکەند.
نەۋ باھارى مەقدىمىدىن تازە بوستان يارکەند.

لۇتفى ئىلە كەلتۈردى مەقدەم ① بىر مەسھا ② مەقدىمى،
تاپتى جىسمىم ناتىۋاندەك پەيزىدىن جان يارکەند.

كەلدىكىم قىش ئوتراسىدا بىر سىراپا③ نەۋ باھار،
گۈل كەبى باشتىن - ئاياققا بولدى خەندان ④ يارکەند. »

« كەلدىڭ ئانداغ شەۋكەتۇ شانۇ شەھى شاھى بىلەن،
كاشغەر ھەسرەتتە قالدى، بولدى ھەيران يارکەند. »

« رەگبەرەڭ ئەۋسافىنى ⑤ كىم ئەيلىمىش يۈز تىل بىلەن،
خۇشناۋا ⑥ مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر گۈلىستان يارکەند. »

مانا مۇشۇ غەزەلدىن شائىر يەكەننى بىر گۈلىستانغا، ئۆزىنى بىر بۇلبۇلغا ئوخشاتقان. يەنە 124 - غەزەلنىڭ 11 - مىسراسىدا: « بۇ چىمەنىنىڭ بىر گۈلى رەئناسىمەن مەشھۇرىكىم » دەپ ئۆز دىيارىنىڭ يەكەن ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان.

شائىرنىڭ ھاياتى: شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرى مەھەممەت ئېزىز ھاكىم بەگ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان 1247 - ھىجرىيىگە توغرا كېلىدۇ.

---

① مەقدەم ( ئە ) — قەدەم كەلتۈرۈش، كېلىش.
② مەسھا ( ئ ) — ئەيسا پەيغەمبەر.
③ سىراپا نەۋ باھار ( پ ) — باشتىن - ئاياق يېڭى باھار.
④ خەندان ( پ ) — كۈلگۈچى.
⑤ ئەۋسافىنى ( ئە ) — سۈپەتلىرىنى. ⑥ خۇشناۋا ( پ ) ياخشى سايرىغۇچى.

روسىيىلىك ئا.م. موگنوف تۈزگەن « ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى يازۇسى » دىگەن كاتولوگىدا تارىخى رەشىدىنىڭ 4 - روكنى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق يازغان: « بۇ كىتاپ تارىخى رەشىدىنىڭ 4 - روكنى تۇرۇر. ھەزرىتى مۇھەممەت ئېزىز ھاكىم بەگنىڭ ھۆكمى ئالىلىرى بىلەن مەھەممەت نىياز ئاخۇن فارىسىنى تۈركىگە تەسنىف قىلىغان ».

بۇ سۆزنىڭ ئايىغىغا « ئېزىز بەگ» دىگەن مۆھۈر بېسىلغان. مۆھۈرنىڭ بېسىلغان ۋاقتى ھىجرى 1247 - يىل. شائىر دىۋانىنىڭ ئاخىرىدا ئېزىز بەگنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ تولىمۇ پاساھەتلىك بىر مەرسىيە يازغان. مۇشۇ دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ، شائىر ھىجرى 1247 - يىلدا تېخى ھايات ئىدى، دەپ ئېيتالا يىمىز.

ئەسەرنىڭ بىزگە خەۋەر بېرىشىچە، شائىر ۋەيرانە، سەرسانلىقتا، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن، ئۇ ئۆز ھاياتىدىن زارلىنىپ مۇنداق يازىدۇ:

« دوستلەر ئۆمۈر ئالىمىدە مەن باقايى ① تاپمىدىم،
ھەر ئىكىۋ بىر ئۆتكۈچى، ئاندىن ۋاپايى تاپمىدىم.

دەۋر ئۆرۈپ دەۋران يۈزىنى ئۆرىدى ئۆزۈم كەبى،
بىرغىنا يەكروى ② يەكدىل ③ ئاشىنانى تاپمىدىم.

ئاسمان ئەكس تۇشۇبان باغلىدى زەنكارلەر،
ئاي - كۈن كۆزگۈلىرىدە ④ كىم ساپايى تاپمىدىم،

چەرخ ئۇجۇزى ⑤ ئىگىرىپتۇركىم مەگەر ھەرتارىنى،
سازلەرىدە بىر سادايى دىلكۇشايى ⑥ تاپمىدىم.

سەرنەۋىشتىم ⑦ ئەردى ئەشئارىم كەبى ئاۋارەلىق،
بار قەلەمرەۋ ⑧ نى كېزىپ تۇرماققا جاي تاپمىدىم.

---

① باقايى ( ئە ) — باقىيلىق. ② يەكروي ( پ ) — بىر يۈزلۈك.
③ يەكدىل ( پ ) — كوڭلى بىر. ④ كۆزگۈ ( تۈركى ) — ئەينەك.
⑤ چەرخ ئۇجۇزى ( پ ) — قېرى خوتۇن، چەرخ — دۇنيادىن كىنايە.
⑥ دىلكۇشايى (پ . ئە) — كۆڭۈل ئاچقۇچى. ⑦ سەرنەۋىشت (پ- ئە ) — تەقدىر.
⑧ قەلەمرەۋ ( ب . ئە ) — قەلەمى يۈرىدىغان، مەملىكەتتىن كىنايە.

بۇ چىمەنىنىڭ بۇلبۇلى بىخانىمانى ① مەندۇرمەن،
يۈز ناۋالە بىرلە بىر بەرگى ② ناۋايى تاپمىدىم.

غەم غۇبارى كۆلبەئى ئەھزانىم ③ ئىچرە بولدى كەم،
لۇتىف رۇخسارى بىلەن بىر غەمگۇزارى تاپمىدىم.

كۈندۈزۈمنى كېچە قىلدى قارا بەختىم سايەسى،
ئاشنالەر يۈزلىرىدىن رۇشنايى ④ تاپمىدىم.

بۇ جاھاندا كەزمىشەم ھەر كۈن قىيامەت ۋادىسىن،
ۋادىسى مېھنەت غىمىدە ئىنتىھايى ⑤ تاپمىدىم.

ئەھلى ئالەم ئانچە قايغۇ دامىغەدۇر مۇپتىلا،
بىناۋا مەشھۇرى يەڭلىغ بىناۋايى تاپمىدىم. »

مانا مۇنداق دەرتلىك مىسرالار شائىرنىڭ دىۋانىدا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. شائىرنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ يېتىشكەن ئەدىبى، سۆز ئۇستىسى، بالاغەت ۋە پاساھەت ئىگىسى بولغان، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز زامانىسىدا قەدىر-قىممەتكە سازاۋەر بولالمىغان، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇيدىغانلار بولمىغان، ئۇ بۇ خۇسۇسىدا تۆۋەندىكىچە زارلىنىدۇ:

« كېتەرمەن بۇ جاھاندىن ئول جاھانغا بى زابان ⑥ گويا،
نەچچە نۆكتە سۇرەيكىم تاپمىدىم بىر نۆكتەدان ⑦ يارى.

ئەگەر قەدىر ئىستەسەڭ بورىيا توقىغىل بۇ شەھەر ئىچرە،
ماتائى نەزمىگە بۇ مۈلكتە ئىچرە يوق خېرىدارى.

راۋاج ئىستەسەڭ مەشھۇرى بەلىغ ئىلە بۇخارا بار،
موغۇلىستان، دوغۇلىستان قاچان سۆزگە تەلەپكارى. »

---

① بىخانىمان ( پ ) — ماكانسىز.
② بەرگى ناۋا ( پ ) — ئۆسمەك، سايرىماق، يايرىماق.
③ كۆلبەئى ئەھزان ( ئە ) — خاپىلىق كەپىسى، قايغۇ ئۆيى.
④ رۇشنايى ( پ ) — يورۇقلۇق. ⑤ ئىنتىھايى ( ئە ) — بىر تۈگەنچى.
⑥ بى زابان ( پ ) — تىلسىز. ⑦ نۆكتەدان ( پ ) — ئىنچىكە، نازۇك.

دىمەك، شائىر مەشھۇرىنىڭ ھاياتى خازان بولۇپ قۇرۇغان ياپراقتەك سەرگەردانلىقنىڭ بوران - شاماللىرى بىلەن خانە - ۋەيرانلىقتا ئۆتكەن.

شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرى: شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ئائىت ئۆز ئەسىرىدىن ئېنىقراق يېزىپ قالدۇرغان بىرەر تەپسىلاتنى تاپقىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۆز دىۋانىنىڭ ئاپىغىدا «گىرىبان پارە قىل ئى دوستلار كىم قەدىردان كەتتى» مەتلە ئىلىك بىر مەرسىيەسى بار. بۇ مەرسىيەنى مۇنداق تاماملىغان:

«ئەزىزى خاجە بەگ بىن سەيىد جالالىددىن،
بىرىپ جان جەددى ئەئلاسى① قېشىغا جاۋىدان كەتتى.»

يەنە بىر مۇخەممەس مەرسىيەسى بار، ئۇنىڭ مەتلئى مۇنداق:

«ئى ئەزىزايا سۆزى شىرىن زابانىم قايدەسەن»

بۇ ئىككى مەرسىيەنىڭ ھەر بىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا مەشھۇرىمەرسىيە يازغان«ئېزىز» ئىسىملىك كىشى شۇ دەۋردە خوتەن، يەكەن تەۋەسىنىڭ ھاكىمى بولغان. بۇ نۇقتا مۇنداق ئېنىقلاندى:

مەن «دىۋان مەشھۇرى» نى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، بۇ كىشىنىڭ ياشىغان دەۋرىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ماتېرىيال ئىزدىنىپ يۈرۈپ، «قەسەسۇلغارايىپ» (ئاجايىپ قىسسەلەر) ناملىق بىر قوليازمىدىن فوتوجىز قىلىنغان نۇسخىنى ئۇچراتتىم. بۇ كىتاپنى 1257 - ھىجرىيىدە مەھەممەت نىياز بىن ئابدۇغوپۇر بەگ دېگەن كىشى خوتەن، يەكەن ھاكىمى مەھەممەت ئېزىز بەگنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن يازغان. دىمەك، شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى مەرسىيە يازغان «ئەزىز» ئىسىملىك ھاكىم مۇشۇ ئەزىز بەگ بولۇشى مۇمكىن.

### شائىرنىڭ شۇ زامانغا بولغان كۆز قارىشىۋە نارازىلىغى

شائىر ئۆز زامانىسىدىن ئومۇمەن ئالغاندا رازى ئەمەس. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە رىياكار② سۇپىلارنى، بېخىل بايلارنى، تاماخور سەللىلىكلەرنى، جاھىل مۇتەئەسسىپلەرنى ئاچچىق تىل بىلەن قامچىلىغان:

① جەددى ئەئلا (ئە) — يۇقۇرى بوۋىسى.
② رىياكار (ئە) — كۆرسۇن دەپ ئىش قىلىش.

« ساۋۇق ۋائىز سۆزىدىن قىزىماس پەژمۇدە ① لەر كۆڭلى،
نەپەستە بولمىسا تەسىر ئىگەر ئوتنىڭ يانارى يوق.

ماتائى ئۇجىب ② نى سال ئۆزۈڭدىن ئابىدى خۇدبىن ③،
بۇ بازار ئىچرە جۇز ئەجىز ④ رەختىنىڭ يارارى يوق. »

«گۇنبىزى ئەمما مەرىن قورقۇتمەغىل ئابىد مېنى،
رىند ⑤ لەرنىڭ گۇنبىزى دىۋارىدىن ⑥ پەرۋاسى يوق. »

« جەھلىنى هەر ئەيىبدىن كۆرگۇمدۇرۇركىم ئەيىپراق،
بىلمىسەم هەر نۆكتەئى بىر نۆكتە داندىن سورمىشەم. »

« بارمىدۇر ئى دوستلەر ئالەمدە دىلشات ئادىمى،
چاچلىرىدەك بولمايىن باشىدا مىڭ تارى غېمى. »

«زامان پۇرشۇرش ⑦ ئاپاق پورپىتنە ⑧ جاھان ھاسىد ⑨.
خالا يىق كۆزلىرىدىن غەيىپتەك مەشھۇرى پىنهاندۇر. »

بۇسىپېھرى ⑩ ۋاژگۇن چەپ چۆرگىلۇر ئۆز دەۋرىدە،
دون ⑪ هەمە ئەلا ۋە ئەلا هەمەسى ئەدنى ⑫ بولغۇسى. »

شائىر مەشھۇرى ئۆزىنىڭ شۇ دەۋرگە بولغان نارازىلىقىنى بىرمۇنچە بېيتلىرىدە تەنە ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن 154 - غەزەلدە:

① پەژمۇدە ( پ ) — پۇرلۇشۇپ كونىراپ كېتىش.
② ماتائى ئۇجىب ( ئە ) — ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، مەغرۇرلىنىش.
③ ئابىدى خۇدبىن ( ئە - پ ) — ئۆزىنىلا كۆرگۇچى، ئابىدە ئىبادەت قىلغۇچى.
④ جۇز ئەجىز ( ئە ) — ئاجىزلىقتىن باشقا. ⑤ رىند ( پ ) — پەرۋاسىز.
⑥ گۇنبىزى دىۋارىدىن ( پ ) — تامدىكى گۇنبەز.
⑦ زامان پۇرشۇرش ( پ )— زامان مالىماتاڭلىق بىلەن تولغان.
⑧ ئاپاق پورپىتنە ( ئە - پ ) — ئالەم پىتنە بىلەن تولغان.
⑨ جاھان ھاسىد ( پ - ئە ) — جاھان ھەسەتخور.
⑩ سىپېھرى ۋاژگۇن ( پ ) — تەتۇر پەلەك.
⑪ دون ( ئە ) — پەس. ⑫ ئەدنى ( ئە ) — تۆۋەن،

« ئۇل ئەھلىغىنا ① كىم ياسىنىپ ئۆزىگە مەغرۇر،
بازارى قىيامەتتە ئۇ بىر ئەسكى گادايى. »

« قىلمىغىل ئۆزۈڭگە زۇلۇم ئولتۇرمىغىل نادان بىلەن،
ئەررە تار ـ مار فىرقىگە ② ھەر بىر زەنەخ ③ ئۇرغان بىلەن. »

« بەلەندىلىك ئىستەسەڭ كەچ راستلىقتىن ئەيلە كاژ دەۋران،
قەددىڭدەك راستتىن قاشىڭدەك ئەگرۇنى بەلەند ئەتتى. »

(قەدىرلىك بولاي دىسەڭ « ئەگرى بول »، قارىمامسەن! بويۇڭ تۈز، قېشىڭ ئەگرى، ئەمما قېشىڭ بويۇڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، تۈز بويۇڭدىن ئەگرى قېشىڭنى ئىگىزدە تۇرىدىغان قىلىپتۇ) دەپ كاژ پەلەككە تەنە قىلىدۇ.

يەنە بەزى شېئىرلىرىدا شۇ « كاژ پەلەك » كە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ: زەھەر زىيانلىق بولغانلىقتىن خار يەنى كۆپ ۋە ئەرزان، دەپ تەنە قىلىدۇ.

دىمەك، شائىر ئۆز زامانىسىدىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ خاراكتېرىنى كۆزىتىپ چىققانىدىن كېيىن، ئەزگۈچى تەييار تاپ، ئالدامچى تەبىقىلەردىن نەپرەتلىنىپ، جاھانكەشتە بولۇپ، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈپ، ئۆز دەردىنى قەلەمگە تۆككەن ۋە قەلەمنى ئۆزىگە ئاشنا تۇتقان.

### شائىرنىڭ ئەدەبىي سەنئەتتىكى ماھارىتى ۋە لىرىكىسى

بىز شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشتە، ئاساسلىقى، ئۇنىڭ ئەدەبىي سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ماھارىتى ۋە لىرىك ھىسسىياتىنى ئۆگىنىمىز. چۈنكى مەشھۇرى ئۆز شېئىرلىرىنى مەنىۋى بايلىق ۋە كۆركەملىككە ئىگە قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىر مىسراسىغا چوڭقۇر لىرىكا ۋە لەفزى گۈزەللىك بېغىشلاشقا تىرىشقان بىر ئىجاتكاردۇر. ئۇ شېئىرىدىكى مەنالارنى مەھبۇبقا ئوخشىتىش بىلەن، شۇ مەنالارنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىلارنى مەھبۇبلار ئۈستىدىكى كىيىمگە مىسال قىلىپ: گۈزەل مەھبۇب ئۈستىدىكى نەفىس كىيىم ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى قانداق ئاشۇرسا، گۈزەل ئىبارىلەرمۇ مەنانى شۇنداق يارىشىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن كۆرىمىز:

① ئەھلىغىنا ( ئە ) ـ بايلار ئەھلى. ② فىرقىگە ( ئە ) ـ باش ئۈستۈڭگە.
③ زەنەخ ( ئە) ـ ئىڭەك، زاڭاق.

« زىۋەرى ① مەئنى ئىرۇر مەشھۇرى كىم ئەلفاز خۇش ②،
ئۆتتىلەر زىننەت بېرىپ سۆزىگە سۇخەن پەردازلەر . »

« شەھدۇ شەكەر بىلەن يۇغۇرۇپمەن سۆزۈمنىكىم.
شىرىن قىلۇر لېبىنى، ئوقۇپ تەلخ كاملەر. »

« ھەمە ئەلفازدۇر تازە، ھەم مەزمۇنلىرى رەڭگىن،
قاچان ئوخشايدۇر ئۆزگە شېئىرىگە مەشھۇرى ئەشئارىڭ. »

ئۇ يەنە بىر غەزىلىدە بۇ پىكرىنى مۇنداق ئالغا سۈرىدۇ:

« نەدىن مەشھۇرى رەڭ ئامىز ③ لىق گوپتارىغا ④ قىلماس،
مائانى شاھىدى ⑤ زىننەت تاپار شەئنى ⑥ ئىبارەتتىن. »

شۇڭا ئۇ، ئۆز شېئىرلىرىنى رەڭدار ئىبارىلەر بىلەن بېزىگەن ۋە ھەر بىر مىسرانى ئەدىبىي گۈزەللىكنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئامىللىرىدىن بولغان ئوخشىتىش، ئىستىئارە، مۇبالىغە، كىنايە ۋە ماجازلار بىلەن يۇغۇرۇپ قۇراشتۇرغان. ھەر بىر سۈپەتلەنگۈچىگە ئۇنىڭ سۈپىتىنى يانداش قويغان، مەسىلەن: ئەشكىخۇنىن ( قانلىق ياش ) گۈلگۈن قابا ( گۈلرەڭ تون، كىيىم )، ئاھى ئاتەشىن ( ئوتلۇق ئاھ )، سىپېھرى نىلگۈن ( نىلرەڭ ئاسمان ) ۋە شۇلارغا ئوخشاش.

تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا قاراپ باقايلى، ئۇنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرى كىشىلەر كۆڭلىنى نەلەرگە يېتەكلەپ بارىدۇ:

« سەمەندەر ⑦ مۇرغىدۇر مەن ⑧ شاخى شۆئلە ئاشيا نەمدۇر،
كۈل ئولغان ھەم گۈل ئولغان ھەمدە گۈلخان گۈلىستانىمدۇر. »

---

① زىۋەرى مەئنى ( ئە ) — مەنانىڭ زىننىتى.
② ئەلفاز خۇش ( ئە - پ ) — خۇش لەفزىلەر.
③ رەڭ ئامىز ( پ ) — رەڭ ئارىلاش، رەڭدار.
④ گوپتار ( پ ) — سۆز. ⑤ مائانى شاھىد ( ئە ) — مەنىلەر مەھبۇبلىرى.
⑥ شەئنى ( ئە ) — لايىق شەئنىگە ئىگە ئىبارىلار.
⑦ سەمەندەر ( ئە ) — ئوت چاشقىنى. ⑧ مۇرغ ( پ ) — قۇش.

« مەن لەبا ـ لەب خەندەدۇرمەن لەئل① خەندانىنى كۆرۈپ،
دەردىگە ئاشىپتىمەن زۇلفى پەرىشانىنى كۆرۈپ. »

جامالىڭ شەمئىگە كىم كۇنۇ ـ تۈن پەرۋانە جانىمدۇر،
كۆيۇپ كۈل بولمىغىم ئەيشى نىشاتى جاۋىيدانىمدۇر② . »

« مۇھەببەت ئالەمىنىڭ شاھىدۇر مەن غەم سىپاھىمدۇر،
بېشىم ئۈزرە قارا مۇگلەر قارا مەخمەل كۇلاھىمدۇر.

زىبەس سەرگۇزەشتە دۇر مەن مەھۋەشىم③ نىڭ مېھرى كويىدا④ ،
قۇياش كۆزگۈسىنىڭ روشەنگىرى بىر گىردى ئاھىمدۇر.»

« بۇ دۇنيا شاھىدۇر مەن كۆر شۇكۇھۇ⑤ دەستىگاھىمنى⑥ .
كى يەر يۈزى بىساتىم ئاسمان ئۇ بارگاھىمدۇر. »

« كەل ئى گۇلگۇن⑦ سۇۋار ئۆتكىل نەزەردە جەۋلەر كۆرگۈز،
پەلەك مەيدانىنىڭ گۇلگۇن سۇۋارى بەرقى⑧ ئاھىمدۇر.

مەن ئانداغ رىند ئازادە ئالا يىق⑨ نەقشىتىن سادە،
كە تەركى دۇنيادىن بىر گۇشئە⑩ تەركى كۇلاھىمدۇر.

يۈرۈرمەن كۆيۈبان ئول ئاتەشىن رو ئىشقىدا مەشھۇر،
بالا بەرقىغە پەرۋانە مېنىڭ بۇ پەررى گاھىمدۇر⑪ ».

مەشھۇرى بۇ غەزەلنىڭ 1 ـ بېيىتىدە مۇھەببەتنى ئالەم دەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى شاھ، غەمنى لەشكەر دەپ ماجازلاشتۇرۇپ، قايغۇنى قارا كۇلاھقا ئوخشىتىش قىلغان.

① لەئل ( پ ) ــ كۇلگۇچى، لە ئل ــ لەبدىن كىنايە.
② ئەيشى نىشاتى جاۋىيدان ( ئە ) ــ مەڭگۇ خوشلۇق ئەيشى.
③ مەھۋەش ( پ ) ــ ئايغا ئوخشاش. ④ مېھر كويى (پ) ــ قۇياش كوچىسى.
⑤ شۇكۇھ (پ) ــ ھەيۋەت، داغدۇغا. ⑥ دەستىگاھ (پ) ــ قولىدا بار نەرسىلەر.
⑦ گۇلگۇن سۇۋار ( پ ) ــ گۇل رەڭلىككە مىنگۈچى.
⑧ بەرق ( ئە ) ــ چېقىن يەنى چاقماق.
⑨ ئالا يىق نەقش (ئە) ــ ئىلاقەلەر نەقشلىرى. ⑩ گۇشئە (پ) ــ بىر بۆلۈكى.
⑪ پەررى گاھ ( پ ) ــ سامانىنىڭ پارچىسى، بۇ جايدا تەندىن كىنايە.

2 - بېيىتتە قوياشنى ئەينەككە ئوخشىتىپ، قوياش يۈزىنى ئاھىنىڭ توزاڭلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلاپ مۇبالىغە قىلىغان.

3 - بېيىتتە ئۆزىنى شاھتىن كىنايە قىلىپ، يەر يۈزىنى بىساتىغا، ئاسماننى بارگاھىغا، ئۆزىنىڭ ئاھىنى پەلەك مەيدانىنىڭ گۈلرەڭلىك ئېتىغا مىنگەن چاقماققا ئوخشاتقان.

4 - بېيىتتە ئۆزىنى دىن ۋە دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئۇنى دوپپىسىنىڭ پۆچىقىغا ئالمايدىغان بىر ھېكمەتلىك كىشى قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئوت يۈزلۈك يار ئىشقىدا كۆيگەن، بالا يى - ئاپەت چاقماقلىرىدا سامانغا ئايلانغان ۋۇجۇدىنى پەرۋانىگە ئوخشىتىش كىنايىلىرى ۋە مۇبالىغىلىرى بىلەن غەزەلنى تۈگەتكەن.

دېمەك، شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى بەدىئىي ئىجادىيىتىدە ناھايىتى زور تالانت ۋە يۈكسەك ماھارەتئىگىسى، شۇنداقلا ئۆزىگە ئىشەنگەن، شېئىرىيەتتە ئۆز ماھارىتىنى ئۆزى قەدىرلىگەن شائىردۇر. ئۇ، ناۋايىنى زور ھۆرمەتلەپ تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئۆز شېئىرىنىڭمۇ خېرىدارى يوق ئەمەسلىكىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«ناۋايىدىن كېيىن مەشھۇرى شېئىرىنى ئوقىماس كىم؟
بۇ بازار ئىچرە باردۇر ھەر ماتائىغە خېرىدارى .»

بۇ يەردە ئۇ ناۋايىدىن كېيىنلا ئۆز شېئىرىنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناۋايىنىڭ:

«خارابات ئارا كىردىم ئاشۇپتە ھال،
مەي ئىستەرگە ئىلكىمدە سۇنغان ساپال.»

دېگەن تەرجىئبەندىگە مۇشائىرە قىلىپ، 16 غەزەلدىن ئىبارەت بىر تەرجىئبەند يازغان. بۇ تەرجىئبەند مۇنداق چۇشۇرۇلگەن:

«ئەزەل ساقىسىدىن ئىچىپ جامى ھال،
نە باشتا خۇمارۇ نە قولدا ساپال.»

ناۋايى: « مەي ئىزلەپ قولۇمدا سۇنۇق ساپال، ھالىم پەرىشان مەيخانىگە كىردىم » دېسە، مەشھۇرى: «ئەزەل ساقىسىدىن ھال جامىنى ئىچكەنمەن، مەي ئىزلەشكە قولۇمدا

ساپالغا ھاجىتىم يوق، بېشىمدا مەي خۇمارى يوق » دەيدۇ. بۇ ئىككى تەرجىمىبەندتە بىر بىرىدىن كۈچلۈك ئۇستۇنلۇك تالىشىشنىڭ مەۋجۇتلۇغى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يەنە ئۆز زامانىسىدىكى يەكەن خانلىغىنىڭ شاھى سۇلتان ئابدۇرىشىت خاننىڭ:

« قايسى گۇلشەننىڭ سىنىگدەك بىر گۇلى رەئناسى بار،
قايسى بىر گۇلنىڭ مېنىگدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار. »

دىگەن غەزىلىگە قارىتا مەشھۇرىينىڭ مۇنداق مۇشائىرىسىنى كۆرىمىز:

« قايسى دەريانىڭ ساچىگدەك ئەنبىرى سافراسى بار.
قايسى ئەنبەرنىڭ خەتىگدەك بويى روھ ئەفزاسى ① بار.

جەننەتۇل مەئۋا فىزاسىدا قاچان مەئۋا ئىتەر،
ئاشىقى شورىدەنىڭ كويۇگدا كىم مەئۋاسى بار.

مەن نۇچۇك بولماي بەدھال ياكى چەكمەي دودى ئاھ،
باشىم ئۆزرە ئەنبەر ئەفشان كاكۇلىڭ سەۋداسى بار.

نە ئۇچۇن ئولتۇرمىسۇن ئول مەسنىدى ناز ئۇستىدە،
ھەر تەرەپتە مىڭ مېنىگدەك ئاشىقى شەيداسى بار.

مۇئجىزە ئوششاقدۇر مەشھۇرى ئىشقىڭ پەيزىدىن،
قايسى ئاشىقنىڭ سېنىگدەك دىلبىرى رەئناسى بار. »

دىمەك، مەشھۇرىينىڭ بۇ غەزەللىرى مەي، مەھبۇپ، ناز ئىستىغنا ( ئۆزىنى باي كۆرسىتىش، ھاجەتسىز كۆرسىتىش )، قەددى مەۋزۇن ( كېلىشكەن بوي )، ئەشكى گۇلگۇن ( گۇلرەڭ ياش )، سەرۋى خارامان ( ماڭىدىغان سەرۋى بوي )، تىرى مىژگان ( كىرپىك ئوقلىرى ) دىگەندەك ئىشق - مۇھەببەت لىرىكىلىرى بىلەن تولغان. ئەلۋەتتە، بىز بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭدىكى لىرىك ئاتالغۇلارنىڭ يۈزەكى مەنىسىنى ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ ئەدىبىي ماھارىتىنى، ئەدىبىي سەنئەتكە بەرگەن گۈزەل نەپىس زىننىتىنى، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان چىرايلىق ئۇسلۇبىنى ئۇگىنىمىز. چۈنكى شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرىدە ناۋايى، لۇتفى، مەۋلۇي، جامى ۋە

① روھ ئەفزا ( ئە - پ ) — جاننى ئارتتۇرغۇچى.

پەردۆن ئەتتارلاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى زور پەخىرلىنىش بىلەن يېزىپ ئۆتكەن. شۇ ئۆگىنىش ئارقىسىدا. شائىر مەشھۇرى يالغۇز شائىرلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىمى بولغان. ھەتتا مىلاددىن بۇرۇنقى ئەپلاتوندەك ئالىملاردىنمۇ سۆز ئاچىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر بېيىتىدە سۇراھۇللۇغەت، تەھزىپ، مۇراھ ۋە مىشكات ناملىق ئۆز زامانىسىدىكى چوك كىتاپلارنىمۇ تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا. مەشھۇرىنىڭ يەنە باشقا يازغان ئەسەرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

مەن 1940 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر بەزى كىلاسسىك ئەدىبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەم شۇ ئاساستا ئاز - تولا شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولسامۇ. لېكىن بۇنىڭدەك چوڭقۇر لىرىكىلىق روھىي ئوزۇقنى، لەفزى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن بېزەلگەن. ماھارىتى ئۇستۇن بەدىئى سەنئەت ئۆلگىسىنى كەم ئۇچراتقان ئىدىم. شۇڭا، بۇنى ئۆزەمنىڭ كىلاسسىك ئەدىبىياتلارنىڭ بەدىئى ماھارىتىنى ئۆگىنىشتىكى بىر ئۆلگە قىلسام بولىدىكەن، دىگەن قاراشقا كەلدىم. ھەقىقەتەنمۇ ئىبراھىم مەشھۇرى شۇ زاماندا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرىنى بەدىئى ماھارەت ئارقىلىق يېشىپ بەرگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەر بىزنىڭ شۇ تارىخىي دەۋر كىشىلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھىساپلىنىدۇ.

ئۇلۇغ پۇرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركى: « ئەدىبىيات — ئىنسانشۇناسلىق دىمەكتۇر » دىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى شۇغۇللانغان ئىشلىرىنى « ئىنسانشۇناسلىق » دەپ ئاتىغان ( 1928 - يىل 12 - ئىيۇن ).

ماركس 1884 - يىلى يازغان « ئىقتىسادىي ئىلىم پەلسەپىلىرى » دىگەن ئەسىرىدە « ئىنسانشۇناسلىق » نى ئوتتۇرىغا قويغان. ماركس ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ « ئىنسانشۇناسلىق » نى تارىخ ئىلمى، ئەدىبىيات ۋە سەنئەت بىلەن بىۋاستە باغلىغان.

بىز ئىبراھىم مەشھۇرىغا ئوخشاش ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەدىبىي ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەلۋەتتە، ئەدىبىيات - سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشىمىز، يەنى « كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى يارىتىش »، « قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش » دىگەن فاڭجېن بويىچە، ماركسىزىم - لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ ئەسەر ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

« دىۋان مەشھۇرى » نىڭ تىلى 14 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن بىر مۇنچە بېيىتلارنى شۇ دەۋردىكى جانلىق ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ يازغان، ھەتتا بىر مۇنچە بېيىتلار ھازىرقى

زامان ئۇيغۇر تىلىدا دىگەندەك يېزىلغان. شۇڭا، بۇنىڭدىكى مەتلە ئىلىك، چوڭقۇر مەناغا ئىگە بېيىتلارنى ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلا شتا، تەتقىق قىلغۇچىلارغا ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئەسەردىكى 1200 دىن ئارتۇق سۆزگە ئىزاھ بېرىلىپ، بەت ئاخىرىدا ئەرەبچە سۆزلەر( ئە ) بەلگىسى بىلەن. پارسچە سۆزلەر (پ) بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ 18 - ئەسىردىكى بىر بوشلۇغىنى تولدۇرغان « دىۋان مەشھۇرى » دىن ئىبارەت بۇ قەدىرلىك ئەسەر يېقىن ئارىدا ( 1985 - يىلى ئاخىرىغىچە.) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان مول ۋە شانلىق مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتتى. خەلق ئەنە شۇ بايلىقلارنىڭ پۈتمەس تۈگىمەس غەزنىسى. ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ دىۋانى ئەنە شۇ غەزنىنىڭ بىر گۆۋاچىسى. شۇڭا مەن بۇ ئەسەر ئىچىدىكى مەنىسى چوڭقۇر ۋە ماجازى ئۇقۇملارغا ئىگە بولغان بىر قىسىم بېيىتلار ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ يەشمىسىنى بېرىپ ئۆتمەكچىمەن.

3 - غەزەلدە 7 بېيىت بولۇپ، 1 - بېيىتتە شائىر گۈلنى ياردىن كىنايە قىلىپ، مىژگان يەنى كىرپىكنى ئوقىقا ئوخشىتىپ، يارنى كۆرەلمىگەنلىگىدىن: گۈل ئوتخانا، غۇنچە ئوتلۇق باشاق بولدى، دەپ ئۆز مەقسىدىنى بەدىئى سەنئەت ماھارىتىگە ئوراپ جىلۋىلەندۈرىدۇ.

4 - بېيىتتە: تەتۈر چۆگىلەيدىغان پەلەك ئاستىدا نادانلارنىڭ ھەممە يەردە ماڭا تەنە قىلىۋاتقانلىغىغا قارىغاندا، مەن دانا ئوخشايمەن، دەپ يېزىپ، « دانالىقنىڭ دۈشمىنى نادانلىق » دىگەن ھەقىقەتلىك مەنانى ئىپادە قىلىدۇ.

5 - بېيىتتە، يار ئىشقىنى ئوتلۇق ئۆيگە، ئۆزىنى ئوت چاشقىنىغا ئوخشىتىپ: مەن شۇنداق بىر ئاشىقمەنكى، پەلەك ماڭا قانچىلىك ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچسىمۇ بىر تال تۈكۈم ئىگىلمەيدۇ، دەپ ئىشق مەيدانىدا ئۆزىگە مەغرۇرلۇق تۈسىنى بېرىدۇ.

4 - غەزەلدە 6 بېيىت بولۇپ، شائىر بۇ 4 - غەزەلدىكى 1 - 2 - 3 - 4 - 5 - بېيىتلاردا: ئىشقىنىڭ مۆجىزىلىك نەپسى بولغانلىقتىن ئۆلمەيمەن، جانانىغا يېتىش ئارزۇسى ماڭا مەڭگۈ جان، گۈل يۈزلۈك يارىم ماڭا ناز بىلەن كۈلگەنلىكتىن، ياقام غۇنچىگە ئوخشاش پارە - پارەدۇر، شاھلار شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋەرسۇن، ئىشق كوچىسىدا گادايلىق ماڭا شانۇ - شەۋكەت، دەپ مۇھەببەتنى ئۈستۈن پەللىگە چىقىرىدۇ.

6 - بېيىتتە مۇنداق دەيدۇ:

«مەي بۇمەھفەل ① دە ئىچەر مەشھۇرى ساقى ئىلكىدىن،
ئۆمۈرنى خۇش ئۆتكۈزەي بىر لەھزە مىھماندۇر ماڭا.»

7 - غەزەلدە 8 بېيىت بولۇپ، 5 - بېيىتتە مۇنداق دەيدۇ:

«شاھى ئىشۋە بولمايىن ئىقلىم ھۆسىن ② ئاباد ئەمەس،
تەن ساپاسىزدۇر ئەگەر تەن ئىچىدە جان بولمىسا.»

(ئىشۋەنىڭ شاھى بولمىسا، ھۆسىن مەملىكىتى ئاباد بولمايدۇ. ئىشۋەسى يوق ھۆسىن جانسىز تەندۇر.)

شائىر 7 - غەزەلنىڭ 6 - 7 - 8 - بېيىتلىرىدە، ئۇيغۇر خەلق ئەدىبىياتى سەنئىتىدىكى مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنگەن سۆز بىلەن مەقسەتنى گۈزەل ئىپادىلەش ماھارىتىنى كۆرسىتىپ: تاڭ ئېتىپ يۇمشاق شامال ئەسمىگۈنچە غۇنچە ئېچىلمىغاندەك، يار كۈلمىسە كۆڭلۈم كۈلمىگەندەك، كۆيگەن يۈرەك بولمىسا سۆزدە تەسىر بولمايدۇ. بىلىپ قويغىنكى، مەشھۇرنى ئىشق ۋادىلىرىغا كەلتۈرگەن نەرسە ئىشقدۇر، قارىمامەن! سازەندە كۈيى كۈيلىمىسە سازدىن سادا چىقمايدۇ، مۇھەببەت سازەندىسىنىڭ ئېيتقان كۈيلىرى مېنى سۆزلەتمەكتە، دەپ ئۆز لىرىكىسىنى ئاشكارىلايدۇ.

8 - غەزەلدە 9 بېيىت بولۇپ، 2 - بېيىت بىلەنلا، قالغان بېيىتلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«مەن نوچۇك گۈلباغىگى ئىشقىڭ ئورمايىن مەستانەكىم،
رەز قىزى ③ گۈلگۈنە سۈرتەر يۈزىگە گۈل جامىدا.»

(مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا قانداقمۇ مەسلەرچە پەريات قىلماي تۇرالايمەن، ئۈزۈم قىزى (ئۈزۈم شارابى) گۈل جامىدا يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتكەن تۇرسا.)

9 - غەزەلدە 8 بېيىت بولۇپ، 4 - 8 - بېيىتلەردە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاسمانىم ئاسمانى نىلگۈن بولسا نەتاڭ،
مېھرى كويىدا ھىلال ④ ئاساكادا بولدۇم ساڭا.»

① مەھفەل (ئە) — مەجلىس، ئولتۇرۇش. ② ئىقلىم ھۆسىن (ئە) — ھۆسىن مەملىكىتى.
③ رەز قىزى — ئۈزۈم (تەك) قىزى، مەيدىن كىنايە. ④ ھىلال (ئە) — يېڭى ئاي.

(مېنىڭ ئاسمىنىم ئىلىرەك ئاسمان بولۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس. چۈنكى قۇياش (مەھبۇب) كويىدا يېڭى ئايدەك قەلەندەر بولدۇم .) بۇ جايدا ئاينىڭ قۇياش چۆرىسىدە يۆرۈشىنى قەلەندەرگە ئوخشىتىدۇ.

«تاپماغۇك مەشھۇرى كىم رەڭگى ئەسەر ھەڭگا مەكىم،
ئى قۇياش شەبنەم كەبى مەھۋى لىقا بولدۇم ساڭا.»

(ئى مەشھۇرى ۋاقتى كەلگەندە رەڭدىن ئىز تاپالمايسەن. شەبنەم قۇياشقا مەھۋى لىقاسى بولۇپ يوقىلىپ كەتكىنىدەك يوقىلىپ كېتىسەن.)

شائىر 9 ـ غەزەلدە، ئۆز شېئىرىي ماھارىتىنى ئاسترونومىيە ساھەسىگىمۇ تەتبىق قىلىپ، 4 ـ 7 ـ 8 ـ بېيىتلاردا ئۆز ئىشقىنى يېڭى ئايغا، ئاشقنى كۈنگە ئوخشىتىپ، يېڭى ئاي كۈننىڭ گادايى بولۇپ يەنى كۈنگە ئەگىشىپ تولۇن ئايغا ئايلانغىنىدەك، مەنمۇ سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن كامالەت تاپتىم، دەيدۇ.

10 ـ غەزەلدە 7 بېيىت بولۇپ، 3 ـ بېيىتىدە: «غۇنچىدەك سىغماي پەرەھگە كۆڭلۈكۈمدۇر چاك ـ چاك» دەپ، كۆڭلىنىڭ خۇشلۇقىنى ئېچىلغان گۈلنىڭ پارە ـ پارەلەنگەنلىكىگە ئوخشىتىشتەك نازۇك بىر ئوخشىتىشنى كىتاپخانلار تۇيغۇسىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ: ئېچىلماستا غۇنچە پۈتۈن ئىدى، ئېچىلىشتىن خوشلاندى، ئېچىلدى، پارە ـ پارە بولدى، گۈلىيۈزلۈك يارىنىڭ لىۋى كۈلگەنلىكتىن كۆڭلۈممۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى، دەيدۇ. بۇ نىمە دېگەن نازۇك مەنا ـ ھە!

11 ـ غەزەلدە 10 بېيىت بولۇپ، مەشھۇرى سۆز، تەپەككۇر، ئەقىل توغرىسىدا 6 ـ 7 ـ 8 ـ بېيىتلاردا مۇنداق دەيدۇ:

«ۋەھكى شەيخى خانىقاھ ۋە ئىزىن ئىشتكۇم كەلمەيۇر،
يوق تۇرۇر سۆزدە ئەسەر، ئۆزدە سۇرايەت ① بولمىسا.

ئادىمى بىرلە نەدىن ئەرمەس بەرابەر ۋەھشى تەيىر ② .
ئەقلدىن گەر ئادىمى لەزدە شاراپەت بولمىسا.

يۇرتىمىزدا كىم يېڭى ئەلپاز ③ بىلەن سۆزلەر ئىدى،
نۇسخەسى ناسىر ئېلى شاھ شەۋكەت بولمىسا.»

(سۆزنى پىكىر بىلەن قىل، ئويلىماي سۆزلىسەڭ خارلىنىسەن. سۆزدە ئىززەت

① سۇرايەت (ئە) ـــ تەسىر. ② تەيىر (ئە) ـــ قۇش ③ ئەلپاز (ئە) ـــ كىبىر سۆزلۈك.

بولمىسا، ئۇزدە ئىززەت بولمايدۇ. خانىقاۋائىزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغىم كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئىشق تەسىرى بولمىغانلىقتىن، سۆزىدىمۇ تەسىر يوق. جانئۇارلارنىڭ ئادەم بىلەن تەڭ ئۇلۇغ بولماسلىقى ئەقىلدىندۇر.)

12 - غەزەلدە 7 بېيت بولۇپ، 1 - بېيتتىلا مۇنداق دەيدۇ:

« كورمەيىن گۈلچەھرىنى نەيلەي گۈلى گۈلزار ئارا،
گەر كىرەر ئەرسەم گۈلىستانغا يۇرەرمەن خار ئارا.»

(گۈلچېراي يارنى كۆرمىسەم، گۈلىستاننى نىمە قىلىمەن. چۈنكى يارسىز گۈلزارغا كىرسەم، تىكەن ئارىسىدا يۈرگەندەك بولىمەن.)

13 - غەزەلدە 7 بېيت بولۇپ، 3 - بېيتنى مۇنداق باشلايدۇ:

«نۇچۇك يەتكۇم دۇرۇركىم ناز قەسرىدۇر بەلەند ئاندا
نەزارە قۇشلىرى پەرۋاز قىلسا، پەرىسچار ئاندا.»

(يارنىڭ ناز قەسرىگە قانداق يېتىپ بارالايمەنكىن، نەزەر قۇشلىرى ئۇچسا قاناتلىرى تۈزۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە ئىگىز تۇرسا......)

13 - غەزەلنىڭ باشقا بېيتلىرىدە، شائىر كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان مۇنداق بەدىئى ماھارەت كۆرسىتىدۇ:

نىلرەڭ ئاسمان — ئۇ سەييارىلار جىلۋە گاھى، ئۇ ئالتۇن تۇگمىلەر يەنى يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن. كۆكۆل، جېنى، كۆز قار - يېشى يار قېشىدا قالغان. مەندىن نىمە ئىزدەيسەن، بۇ قايغۇ بىلەن ئاۋات دۇنيادا ئى يار سەنىلا مالال ئەمەس، چۈنكى، ئاجىز جانلار كوچاڭ گۈللۈكىدە سايراپ تۇرىدىكەن.

زامان تولىمۇ غەۋغاچى، غەۋغادىن قۇتۇلاي دىسەڭ، قاۋاقتا كىر! دەيدۇ، ئاخىرىدا، تۇيغۇ ئالىمىدە غەم قايغۇدىن باشقىنىڭ يوقلۇغىنى. ھەقىقەت شارابىنى ئىچىپ ئۇنىڭ مەشئەسىدە شات يۇرۇشنى ئۆزىگە تەۋسىيە قىلىدۇ.

16 - غەزەلدە 12 بېيت بولۇپ، شائىر بۇ غەزەلنى ئاجايىپ لىرىكىلىق مىسرالار بىلەن تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، 12 - بېيتتە:

«بەرەمسە گەر، مىرئىبلىشىر ۋە فۇزۇلى تىرىلىپ،
بۇ غەزەلگە كىم بېرۇر مەشھۇرى ئالەمدە جاۋاپ.»

دەپ شائىرانە ماختىنىدۇ.

17 - غەزەل 5 لا بېيىتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدىكى لىرىكىلىق لاتاپەتلەر نىمە دېگەن گۈزەل.

«تەلپىنەر جان تۇتىسى لەئل شەكەر بارىڭ كۆرۈپ.
مەۋج ئۇرار كۆزگۈدە ھەيرەت ئەكس رۇخسارىڭ كۆرۈپ.»

(جان تۇتىسى شېكەر ياغدۇرغان لەئلىدەك لېۋىڭنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تولغىنىدۇ، سېنىڭ ئەكس ئەتكەن چىرايىڭنى كۆرۈپ ئەينەكتە ھەيرەت مەۋج ئۇرىدۇ.)

رەڭگىبارى ھۆسن بىرلەدۇر سىرىشتە پەيكىرىڭ ①،
گۈل خىجالەت پەردىسىدە رەڭگى رۇخسارىڭ كۆرۈپ.»

(سېنىڭ سۇرىتىڭ ھۆسن رەڭلىرى بىلەن ئارىلاشقان. شۇڭا سېنىڭ چىرايىڭنىڭ رېڭىنى كۆرۈپ گۈل خىجىللىق پەردىسىگە ئورالغاندۇر.)

بۇ نىمە دېگەن چىرايلىق ۋە نەپىس مىسرالار ۋە نىمە دېگەن تارتىش كۈچىگە ئىگە بېيىت - ھە!

19 - غەزەلدە 7 بېيىت بولۇپ، بۇنىڭ 2 - بېيىتىدە:

«بار ئۆزۈڭدىن ئۈستەر ئەرسەڭ ئۆزىڭە بىر بارلىق،
كۈن بىلەن بىر بولدى شەبنەم ئۆزى نا پەيدا بولۇپ.»

(ئۆزەڭگە بارلىق ئىزلىسەڭ، ئۆز كۈنۈڭدىن كەچ! قارىمامسەن، شەبنەم ئۆزلىگىدىن كېچىپ يوقىلىپ، كۈن بىلەن بىر بولۇپ كەتتى) دەيدۇ.

شائىر بۇ يەردە ئىشقنى شۇنداق تەرىپلەيدۇكى، گويا ئىشق قۇياش، ئاشىق شەبنەم. قۇياش كۆتىرىلگەندە، شەبنەم كۆتىرىلىپ قۇياش بىلەن بىر بولۇپ كەتكەندەك، سەن ئاشىق بولغان ئىكەنسەن، ئىشق ئۈچۈن ئۆزكۈنۈڭدىن كېچىشىڭ لازىم، دەيدۇ. بۇ مىسرادا تەبىئەتنىڭ نازۇك سىرلىرىدىن بىرنى يەنى شەبنەمنىڭ قۇياشقا قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئوخشىتىش قىلىدۇ.

20 - غەزەل 5 بېيىتتىن تەركىپ تاپقان، ئۇنىڭ 5 - بېيىتى مۇنداق:

«ئىستەسە ھەركىم پەرەمەشھۇرى دىۋانىن ئوقۇر،
نەشئەدە ھەر مىسرا ئىرور بىر سوراھى شاراپ.»

① سىرىشتە پەيكىر (ئە) — سۇرەت ئارىلاش.

بۇ يەردە شائىر مەشھۇرى ئۆز دىۋانىنى كىشىگە خۇشلۇق بېغىشلايدىغان شارابقا ئوخشىتىپ: ھەر كىشى خۇشلۇق ئىزلىسە، مەشھۇرىنىڭ دىۋانىنى ئوقىسۇن، چۈنكى، نەشئە يەنى خۇشلۇق بىر ھالەت بېغىشلاشتا ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسى بىر قەدەھ، ھەر بىر غەزىلى بىر شاراپتۇر، دەپ يازىدۇ. دېمىسىمۇ مەشھۇرى دىۋانىنى ئوقىغاندا خۇش بولمايدىغان كۆڭۈل ئاز چىقار.

23 - غەزەلدە 6 بېيىت بولۇپ، 1 - بېيىتتە:

« مەئرىپەت قىلماق ئۈمىت ئىسھابى دۇنيادىن ئەبەس ①،
رۇشنالىق كۆزنى كۆز تۇتماق ئەئمادىن ئەبەس. »

بۇ يەردە شائىر دۇنياغىلاپ بېرىلىپ كەتكەنلەرنى تەنقىت قەلىمى ئاستىغا ئالىدۇ ۋە ئۇنداقلارنى كورغا ئوخشىتىپ: كوردىن يورۇقلۇقنى كۈتكىلى بولمىغاندەك، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەردىن مەرىپەتنى كۆزلەش بىھۇدىدۇر، دەپ كۆرسىتىدۇ.

24 - غەزەلدە 6 بېيىت بولۇپ، ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ مەردانە بولىدىغانلىقىنى پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن 4 - 6 - بېيىتلارغا يىغىنچاقلايدۇ.

4 - بېيىتتە:

« بەسكى كۈنبەم شۇئىلايى ئاھىم بىلەن روشەن ئىرۇر،
ئاي چىراغىغە قاچانمەن كەلتۈرۈپمەن ئېھتىياج. »

(مېنىڭ كەپەم ئاھىمنىڭ شولىسىدىن يورۇق، شۇڭا، ئاينىڭ چىراغىغا ئېھتىياجىم يوق.)

6 - بېيىتتە:

« ھۆسنىنىڭ ئاۋازەسى مەشھۇرى يەتتى چەرخقە،
ئاپتاپ ھەم ماھتاپ ئالەم ئارادا بەردى باج. »

25 - غەزەلدە 10 بېيىت بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئوخشىتىش بەدىئى ماھارىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى 2 - 3 - بېيىت بىلەنلا كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

« خىجالەتتىن پەرىشان بولدى سۇمبۇل ناپە ② قان يۇتتى،
خېتى مىشكىن زۇلپى ئەنبەر ئەفشانىن ۋەزان ③ كۆرگەچ. »

① ئەبەس (ئە) — بىھۇدە، بىكار. ② ناپە (ئە) — ئىپار چىقىدىغان كىيىكنىڭ كىندىكى.
③ ۋەزان (پ) — شامالنىڭ ئىسىشى.

(يارىمنىڭ ئىپاردەك خۇشبۇي ساچىنى، مىشكتەك زۇلپىنى كۆرۈپ، ئىپار كىيىگى ۋە باغدىكى سۇمبۇل خىجىل بولۇپ قان يۇتتى.)

«قىلۇرمەن ئۆزنى ساقى، جاننى مەي كۆزنى قەدەھ ھەردەم،
بۇ بەزىم ئىچرە، ئۆزنى مەي نەشئەسىدىن شادمان كۆرگەچ.»

27 - غەزەلدە 7 بېيت بولۇپ، شائىر شېئىرىيەتنى تونۇمايدىغان، شېئىرگە يات كۆز بىلەن قارايدىغانلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: تاتلىق سۆزلىسەمۇ ئاچچىق دەيدۇ، يامان سۆزلەيدىغانلار ھەقىقەتەن تاتلىقنى ئاچچىق دەيدىغان بولىدۇ؛ ھەر نەرسە ئۆزىدە بارىنى ئاشكارا قىلىدۇ؛ يامان ياخشىنى كۆرەلمەيدۇ، دەپ كىشى ئارقىسىدىن ناچار سۆزلىگۈچىلەرنى سۆكىدۇ.

28 - غەزەلدە 6 بېيت بولۇپ، بۇنىڭدا مەزكۇر شائىر توغرىسىدا مۇنداق بىر مۇھىم مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز:

مەشھۇرى يالغۇز شائىرلا ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىنىڭ ئالىمى ئىدى. شائىر بۇ غەزەلدە «سۇراھ» دىگەن لۇغەت كىتاپتىن، «تەھزىب» دىگەن ئىلمى مەنتىق كىتاپتىن ۋە «مۇراھ» دىگەن ئىلمى فىقھە قاتارلىق كىتاپلاردىن سۆز ئاچىدۇ. بۇكىتاپلار ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەپ، پارس تىل ئالىملىرى پايدىلىنىدىغان كىتاپلار ئىدى.

30 - غەزەلدە 12 بېيتبولۇپ، شائىر پۈتۈن ئىلھامىنى ئىشقا سېلىپ، يەكەننى ناھايىتى گۈزەل سۈرەتتە ماختاپ، شۇ كۈنلەردە قەشقەرنىڭ يەكەننى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن، يەكەنگە قىسقا، ئەمما مەنالىق مەدھىيە ئوقۇيدۇ ۋە ئۆزىنى خۇش سايرايدىغان بۇلبۇلغا، يەكەننى گۈلىستانغا ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭدىن شائىر يۇرتىنىڭ يەكەن ئىكەنلىگى، ئۇنىڭ يەكەندە ھايات كەچۈرگەنلىكى بىلىنىدۇ.

31 - غەزەلدە 7 بېيت بولۇپ، بۇ بېيتلەر ئارقىلىق شائىر مەشھۇرى لۇتفى ۋە مەۋلىۋى ئابدۇراخمان جامىلارنى ئۆزىگە ئۇستاز دەپ تونۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مەشھۇرى ناۋا تاپقۇسى سۆزدە چۇناۋايى، گەر لۇتفى بىلە مەۋلىۋىبەرسە خەتى ئىرشات» دەيدۇ، يەنى ئەگەر لۇتفىبىلەن جامى ئىرشاد خېتى (پىرلەرنىڭ ئۆز شاگىرتلىرىغا بېرىدىغان شاھادەتنامىسى) بەرسە، ئۇ سۆزدە ناۋايىدەك ئۆسەلەيدۇ، دەپ ئۆز قابىلىيىتىنى تونۇتىدۇ.

34 - غەزەلدە 5 بېيىت بولۇپ، 5 - بېيىتىدە:

«زامان پۇرشۇرش، ئاپاق پورپېتنە، جاھان ھاسىد،
خالا يەق كۆزلىرىدىن غەيىبدەك مەشەۇرى پىنھانىدۇر.»

دەپ يېزىپ، شائىر ياشىغان دەۋر يەكەنىنىڭ پىتنە - پاساتقا تولغان بىر مەزگىلى ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ پىتنە - پاساتقا ئۆزىنىڭ ئارىلاشماي يۈرگەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ.

36 - غەزەلدە 7 بېيىت بولۇپ، 3 - بېيىتتە پەلەكتىن، تەقدىردىن شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بېرىپ جامى مەي گۈلگۈن ھەمە نا ئەھلىگە گەردۇن،
لەبا - لەب جامەي يەكلىغ كۆزۈمنى ئىشكبار ئەيلەر.»

(پەلەك نائەھلىلەرگە گۈلرەڭلىك شاراپ قەدەھلىرىنى بېرىپ، كۆزۈمنى لەپمۇ - لەپ تولغان مەي جاملىرىدەك ياش بىلەن تولدۇرماقتا.)

38 - غەزەلدە 6 بېيىت بولۇپ، بۇنىڭدا ئەدىپ مەشھۇرى ئۆزىنىڭ مۇبالىغىلىق شېئىر ئىجات قىلىشتا ھەقىقەتەنمۇ زور ماھارەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان. ئۇ 1 - بېيىتىدە مۇنداق يازىدۇ:

«مەن لەۋەندلەر شاھىمەن ۋەسىغىم مېنىڭ مەستانەدۇر،
تەختىگاھىم داش بېشى ئوردام مېنىڭ مەيخانەدۇر.»

قاراڭ! ئۇنىڭدا قانداق مۇبالىغىلەر يۈرگۈزۈلگەن: ئۇ لەۋەندلەر شاھى بولۇپ، داشقازان بېشى ئۇنىڭ تەختى، مەيخانە ئۇنىڭ ئوردىسى ئىكەن، روھى مەي چىرىغىغا پەرۋانە ئىكەن، توزاڭ بولۇپ كۆككە سورۇلۇپ كەتسىمۇ، بىر قولىدا جام، بىر قولىدا شىشىنى تاشلىمايدىكەن.

19 - غەزەلدە 9 بېيىت بولۇپ، شائىر بۇ بېيىتلەردە كەش - مەيسە كىيىپ، ساقىلىنى تاراپ خەلقنى ئالدايدىغان شەيخلەرنى، ئابىدلەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن، ئاۋام خەلقنىڭ گۇمبەزدەك سەللىلەرگە ئالدىنىدىغانلىقىنى زاڭلىق قىلىدۇ. دىمەك، شائىر ئۆز زامانىسىغا تەنقىت نەزىرى بىلەن قارىغان. گۇمبەزدەك سەللىلەرنى يۆگەۋېلىپ خەلقنى ئالدايدىغانلارغا ئىستىھزا (زاڭلىق) كۆزى بىلەن قارىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنداق سۇپىمەنكى، مېنىڭ خانىقايىم بۇتخانا، كۇلا ھىمگە يۆگەيدىغانلا تا يەنى دەستارىم قەدەھ كۆتىرىدىغانلارنىڭ قەدەھ ئۇستىنى يۆگەيدىغان ياپقۇ-

دۇر.» مانا بۇ سۆز مەشھۇرىنىڭ 43 - غەزىلىدىكى 1 - بېيىتتۇر. قارايلى! مەشھۇرى سۇپىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ سەللىسىگە قانداق سۆز بىلەن تەرىپ بېرىدۇ. دىمەك، مۇشۇ بېيىتلەردىن شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىغا باھا بېرىشكە بولىدۇ.

«گۇل ئۇستىگە گاھى مۆلدۇر، گاھى شەبنەم چۈشكەندەك، ئادەم بېشىغىمۇ بەزىدە خوشلۇق كېلىدۇ.» بۇ، شائىرنىڭ 44 - غەزىلىدىكى 1 - بېيىتنىڭ مەزمۇنى. ھايات ئالىمىدە كىشىلەرنىڭ سەۋرلىك بولۇشى ئۈچۈن، شائىرنىڭ بۇ پىكرى تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

شائىرنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يازغان بەتلىرىمىزدە، 45 - غەزەل ئۈستىدە بىر ئاز توختالغان ئىدۇق، بۇ غەزەل ھەقىقەتەن تولىمۇ گۈزەل يېزىلغان.

1 - بېيىتتە، يارنىڭ چېچى قارا ئىپارغا، 2 - بېيىتتە يار تۇرغان جاي جەننەتۇل مەئۋاغا، 3 - بېيىتتە، ئاھىنىڭ تۇتۇنى يار زۇلفىنىڭ سەۋداسىغا ئوخشىتىلغان؛ 4 - بېيىتتە، يارنىڭ ناز تەختىدە ئولتۇرغانلىغى، ئۆزىدە مىڭلاپ ئاشىقنىڭ بارلىغى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، غەزەل تامامىدا: مېنىڭغۇ سەندەك مەھبۇبەم بار، قايسى ئاشىقنىڭ سەندەك رەئنا دىلبىرى بار ؟ دەپ ئۆز يارىنى كۆككە كۆتەرگەن ھەمدە بۇ غەزەلنى سۇلتان ئابدىرىشىتخاننىڭ: «قايسى گۇلشەننىڭ سىنىڭدەك بىر گۇلى رەئناسى بار، قايسى گۇلنىڭ مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار» دىگەن غەزىلىگە نەزىرە (ھەم تەڭ) قىلىپ يازغان. بۇ ئىككى غەزەلنى بىر - بىرىگە پاراللىل قويۇشقا تامامەن مۇمكىن.

بىز شائىرنىڭ 46 - غەزىلىدە مۇنداق مەنا دىكى مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز:

«كەپتەردىن نامە ئەۋەتىشكە ھاجىتىم يوق، چۈنكى مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئۆزى ئەلچى.»

«پەرى يۈزلۈك گۈزەللەر زىننىتى گۇلرەڭكىم» (چوكانلارنىڭ زىننىتى رەڭدىن ئىبارەت.)

«ئەگەر سەن ئىلاھى ۋەئىزلەر ئىشتىشنى خالىساڭ، مەشھۇرىنىڭ نەزمىنى ئاڭلا، ئۇنىڭ ھەر بىر رەڭدار سادالىرىدىن ۋەھدەت گۇلىنىڭ ساداسى چىقىدۇ، شېئىرنىڭ گۈزەللىگىگە گۈزەل رەڭدار ئىبارە كېرەك» دەپ كۆرسىتىدۇ.

مەشھۇرى ئۆزىنىڭ دۇنيا بىلەن ماختانمايدىغانلىغى، دۇنيا ۋە ئابرويغا ئەرزىمەس نەزەر بىلەن قارايدىغانلىغىنى 50 - غەزەلنىڭ 1 - بېيىتىدە بەدىئى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ، ھەممە دۇنيالىقتىن تاق بولۇشنى بىر مەملىكەتكە. ئۆزىنى شۇ مەملىكەتنىڭ شاھىغا، سايىسىنى لەشكىرىگە ئوخشىتىدۇ. دىمەك، ئۇ شۇنداق پادىشا ئىكەنكى،

سايىسىدىن باشقا لەشكىرى يوقكەن، يەنى دۇنيا (بايلىق) تىن ھېچنەرسىسى يوقكەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىكەن.

3 - بېيىتتە، ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەغرۇر بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، بۇنىڭغا سولايمان پەيغەمبەر تەختىدىن ئوخشىتىش ياسايدۇ.

شائىر 53 - غەزەلنىڭ 5 - بېيىتىدە: يىگىت بولساڭ ئويلاپ سۆزلە، مەناسىز بىر ئېغىز سۆز بىلەن كىشى رەسۋا بولۇپ كېتىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. يەنە شۇ غەزەلنىڭ 6 - بېيىتىدە: ئالىملاردىن ھەر كۇنى بىر نۇقتا بولسىمۇ ئۇگەن، چۈنكى، يامغۇر تامچىلىرىدىن دەريا ھاسىل بولىدۇ؛ 7 - بېيىتىدە: ھەركەتچان بول، قارىمامسەن، سۇ بىر يەردە تۇرۇۋەرسە سېسىپ قالىدۇ، دەيدۇ.

55 - غەزەلدە، شائىر دۇنيانىڭ غەم بىلەن تولغان بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن، باشلىق بولغان ئادەم ئېغىر يۈكتىن بويى ئىگىلىپ قالىدۇ، دەپ كېلىپ، بۇ مەنانى مۇنداق بىر نازۇك ئوخشىتىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

«باش بولۇپ يۈز ھۆسنىگە قاشتا قاچان خەم يوقتۇرۇر.» (قاشنىڭ ئەگرى بولۇشى ئۇنىڭ باشلىقتەك يۇقۇرىدا تۇرغانلىقىدۇر.) بۇ نىسبە دىگەن نازۇك تۈيغۇ!

يەنە بۇ غەزەلدە كۆڭۈل سىرىنى ئېيتىدىغان ئۇلپەتنىڭ يوقلىقىدىن زارلىنىپ، ئۇلپەتتىن ئايرىلماسلىققا، ئۇلپەت ئالەمدەك ياخشى ئالەمنىڭ يوقلۇقىغا دائىر مىسرالار بېغىشلاپ ئۆتىدۇ، ئاخىرىدا تاما قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلىدۇ.

مەشھۇرى خەلق كۆرسۇن دەپ ئىبادەت قىلىدىغان زاھىدلارنى تولىمۇ ئەيىپلىگەن. 56 - غەزەلدە: كىشىلەر كۆرسۇن دەپ ئىبادەت قىلىش تەرىقەت يولىدا كاپىرلىق، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان زاھىدلارنى ئۆلتۈرگۈم كېلىدۇ، دەيدۇ. شائىر ھەر بىر ئىشتا ساداقەت كېرەك، ساختىپەزلىك ئەڭ يامان ئىش، دىگەن ئىدىيىنى گۈزەل ئىبارىلار بىلەن ئالغا سۈرىدۇ. ئۇ يەنە بۇ غەزەلدە: شۇم يۈز رەقىبلەرنىڭ يۈزىدىن ئۆلۈكنىڭ يۈزى ياخشى، دەيدۇ.

57 - غەزەلنىڭ 1 - 2 - بېيىتلىرىدە، شائىر دۇنياغا بەك بېرىلىپ كەتمەسلىك ۋە نىيەت قىلماسلىق ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرۈپ: دۇنيانى تېپىپ تاشلىغان كىشى يىگىت، دۇنياغا قاتتىق كۆڭۈل بېرىش دىۋانىلىق، شاھنىڭ شاھلىقىمۇ كېتىدۇ، ئورنىسى ئاخىرى يىقىلىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

58 - غەزەلدە، شائىر ئۆزىنى لۇتفى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ: «ھەر سۆزۈم كۆرسىغە ئولتۇرتساڭ كەم ئەمەس لۇتفىدىن، يەتكى ئاي چەرخ ئۆزرە بىر مىسرائى دىۋانىم ئىرۇر» دەيدۇ. دىۋانىنىڭ ھەر بىر مىسراسىنى ئاسماندىكى يەتكى ئايغا ئوخ-

شىتىدۇ. مەشھۇرىنىڭ دىۋانىنى ئوقىغان ۋە شېئىرىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان ھەر بىر كىشى بۇ شائىرنى شۇنداق دەۋا قىلىشقا ھەقلىق دەپ بىلىدۇ.

59 - غەزەلدە 8 بېيىت بولۇپ، بۇنىڭ 2 - 8 - بېيىتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«نەۋ باھار ئايىنەسى، كۆز مەۋسىمىدەك سارغايۇر،
جىلۋە ئەكسىن چاچماس ئول، گۈلگۈن قابايى گۈلئۇزار.»

(ئۇ گۈليۈزلۈك، گۈلرەڭ كىيىملىك يار ئۆز جىلۋىسىنىڭ ئەكسىنى چاچمىسا، نەۋ باھار ئەينىكى كۈز ۋاقتىدىكىدەك سارغىيىدۇ.)

«رەۋزىئى فىردەۋس ئىرۇر ھەر قانچىكىم راھەت سىرشت،
يوقتۇرۇر مەشھۇرىدا جۇز ئاررۇيى ۋەسلى يار.»

(بېيىت قانچە راھەتلىك بولسىمۇ، مەشھۇرىدا يارنىڭ ۋىسال ئارزۇسىدىن باشقا نەرسە يوقتۇر.)

شائىر مەشھۇرى 61 - غەزەلدە، سۆزنىڭ قۇدرىتىگە ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىش بىلەن، يوغان سەللە ئورىۋالغان نادانلارنى قاتتىق ھەجۋى قىلىدۇ:

«نازلان گوپتارىدىن پەخر ئەتمىگىل دەستارىدىن،
كۆر چەۋدىن باشىدا كىم ئۆزىدىن ئۇلۇغ دەستارىددۇر.»

(سۆزلىيەلىشىڭ بىلەن نازلان، سەللە بىلەن ماختانما. سەللەڭ بىلەن قانداق ماختىنىشقا بولىدۇ. چۈنكى چەۋىنىڭمۇ بېشىدا يوغان سەللىسى بار.) بۇنىمە دىگەن كۈچلۈك يۇمۇر ...

63 - غەزەلدە شائىر دۇنيا بىلەن ئىززەت تاپقانلارنى ۋە زەر بىلەن ئىشقنى ئايرىيالمايدىغان ھېرىس سۇپىلارنى زاڭلىق قىلىپ: دۇنيا تاپسا دىۋىمۇ پەرىشتە بولىدۇ؛ ئىشقنى ئالتۇندىن پەرق قىلالمايدىغان ھېرىس سۇپىلارغا مەن ئىخلاس قىلمايمەن، دەپ پۇل بىلەن ئوبدان بولىۋالغانلارنى پەرىشتە بولىۋالغان دىۋىگە ئوخشىتىدۇ ۋە ھېرىس سۇپىلارنى ناچار كىشىلەر دەپ ئەيىپلەيدۇ.

مەشھۇرى 65 - غەزەلدە، دۇنياغا كۆپ بېرىلىپ كەتمەسلىكنى ۋە ئۆزىنىڭ پېقىرلىغىنى بىر گۈلشەن بىلىدىغانلىغىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئامان ئىستەر ئىسەڭ بول سەرۋىدەك ئازادە بارىڭدىن،
كى نەخلى بارۋەر ھەر رەھگۈزەرنىڭ سىڭگى سارىدۇر.»

(ئامانلىق ئىزدىسەڭ سەرۋى دەرىخىدەك نەرسەڭ بولمىسۇن. كۆرمەمسەن، مېۋىلىك دەرەخلەرگەھەربىر ئۆتكۈنچى تاش ئاتىدۇ.) ھەقىقەتەنمۇ مېۋىسىز دەرەخلەرگە ھېچكىم تاش ئاتمايدۇ.

شائىر پېقىرلىقنى ئۆزىنىڭ گۈلشەنى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ: «نىيىستان (قومۇشلۇق) شىرلىرىنىڭ روھ ئەفزا مۇرغىزارىدۇر» دەيدۇ. شائىر بۇ مىسراسىدا شېئىرىيەتتىكى «ئېتىنى ئاتماي ئوخشىتىش» سەنئىتىنى ئىشلەتكەن.

شائىر 66 - غەزىلىدە، چوڭقۇر مەنالارنى تولىمۇ نازۇك سەنئەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مەسىلەن: 1 - بېيىتتە ئۆزىنى ئوت چاشقىنىغا، ئوتنىڭ شولىسىنى شاخقا، بۇ شاخنى ئۆزىنىڭ ئۆۋسىغا ئوخشىتىپ، بىر مىسرادا ئۈچ ئوخشىتىشنى كەلتۈرىدۇ.

5 - 6 بېيىتلىرىدە ئۆزىنىڭ مەيسىز (زاھىرى مەي ئەمەس ئەلۋەتتە)، نەغمىسىز تۇرالمايدىغانلىقىنى، نەغمە ۋە قەدەھ جېنىنىڭ قۇۋۋىتى ئىكەنلىكىنى، نەغمىنىڭ روھقا كۈچ بېغىشلايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شائىر مەشھۇرى 68 - غەزىلىدە جەڭ مەيدانىنى ماختاپ، جەڭچىلەرنى قەھرىمانلىققا ئۈندەيدۇ. قولىدا يالتىراپ تۇرىدىغان پالتا تۇتۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش يىگىتلەرگە نىمە دىگەن ياخشى زىننەت، ئەر بولساڭ ئۆيۈڭدىن چىقىپ مەيدانىدا ئات ئوينات، ھۈنەر كۆرسەت، دەيدۇ.

شائىر 73 - غەزىلىنىڭ 4 - بېيىتىدە: قېشىمنىڭ بىر تال مويىمۇ بايلارغا ئېگىلمەيدۇ. ئۆزەم گاداي بولسامۇ ھىممىتىم شاھانەدۇر، دەپ ئۆزىنىڭ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەيدىغانلىقىنى ئۆزىگە بەخت سانايدۇ.

78 - غەزەلدە 6 بېيىت بولۇپ، شائىر زاھىدلارنى «پەرىسۇ» (كونارغان زاھىدلار) دەپ، ئۇلارنى قۇرۇپ قالغان ياغاچقا ئوخشىتىپ: قۇرۇق ياپراق يامغۇر سۈيىدىن كۆكلىمىگەندەك، قۇرۇق زاھىدقا ئىشق سۆزى نەپ قىلمايدۇ، دەيدۇ.

84 - غەزەلدە 9 بېيىت بولۇپ، ئاخىرقى بېيىتتە:

«بىر تەرەپ مەشھۇرى سۆزى بىر تەرەپ ئۆزگە سۆزى،
يۈزمىڭ ئۈنجى بىر تەرەپ بىر دورى غلتان بىر تەرەپ.»

(بىر تەرەپكە مەشھۇرى سۆزىنى، يەنە بىر تەرەپكە باشقا سۆزنى قويسا، يۈزمىڭ ئۈنجى بىر تەرەپتە، يۇمۇلاپ تۇرىدىغان گۆھەر بىر تەرەپتە تۇرغاندەك بولىدۇ. يەنى مەشھۇرى سۆزى يۇمۇلاق گۆھەردۇر) دەيدۇ.

شائىرنىڭ نۇرغۇن مىسرالىرىدا ئۆزى ياشىغان زاماندىن نارازىلىقى، كىشىلەر ھەركىتىنىڭ رىيا ۋە ساختىپەزلىك بىلەن تولغانلىقىدىن زارلىنىش ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. 85 - غەزەلنىڭ 3 - بېيىتىدە: پەرمۇدە بولغانلارنىڭ كۆڭلى سوغۇق نەپەسلىك ۋائىزلەر سۆزىدىن ئىسسىمايدۇ. نەپەستە تەسىر بولمىسا پۈيدىگەن بىلەن ئوت يانمايدۇ، دەيدۇ. 4 - بېيىتىدە: ئى ئۆزىنى كۆرىدىغان ئىبادەت قىلغۇچى! ئۆزىگە تەمەننا قويۇشىنىڭ رەختلىرىنى تاشلا. ھەقىقەت بازىرىدا ئاجىزلىق رەختىدىن باشقىغا خېرىدارى يوق، دەپ رىياكار زاھىد سۇپىلاردىن كۈلىدۇ.

شائىر يەنە 86 غەزەلنىڭ 5 - بېيىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئىگەرچە خۇدنامالىق نامۇناسىپتۇر دۇتالەردىن،
يېڭى ئايدەك ياراشۇر قارا قاشقا خۇدناما بولماق.»

(ئىگىلىپ قالغان قامەتلىكلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىش مۇناسىپ ئەمەس ۋە ياراشمايدۇ، لېكىن يېڭى ئاي ئەگرى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆرسىتىش يارىشىدۇ.)

شائىر 87 - غەزەلنىڭ 4 - بېيىتىدە:

«گۇنبىزى ئەمما مەدىن قورقۇتمىغىل ئابىد مېنى،
رىندلەرنىڭ گۇنبىزى دىۋارىدىن پەرۋاسى يوق.»

دەپ، بىلىمسىز يوغان سەللىلىكلەرنى تامدىكى گۈمبەزگە ئوخشىتىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئورۇنلۇق ئوخشىتىش!

89 - غەزەلنىڭ 5 - بېيىتىدە، شائىر نادانلىقنىڭ زۇلمەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ: نادان زۇلمەتتە ئولتۇرىدۇ. يورۇقلۇق ئىزلىگەنلەر ئۆگىنىشى كېرەك. ئىنساننىڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى ئۆگىنىش بىلەن، دەپ كۆرسىتىدۇ.

شائىر مەشھۇرنىڭ بەدىئى سەنئەت بىلەن مىسرالار تۈزۈشتىكى ماھىرلىقى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ 91 - غەزىلىگە قاراپ باقايلى:

2 - بېيىتىدە: ئۆزى شىشىدەك چاك - توزاڭغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ توزاڭلار ئىچىدە پەرىلەر جىلۋە قىلىدىكەن (بۇ مىسرادا غۇبار شىشىگە ئوخشىتىلغان). تاماشا ئەينىكىگە يار چىرايى مەۋجىنىڭ ئەكسى چۈشۈپتۇ («تاماشا ئەينىكى» دەپ ماجاز سەنئىتىنى قوللىنىپ، بۇ ئەينەككە يار ئەكسىنىڭ مەۋجىنى چۈشۈرگەن. دېمەك، بىر مىسراغا بىر ماجاز ئىككى ئىستىئارە سەنئىتىنى سىغدۇرغان).

4 - بېيىتتە: سېنى، كوچاڭنى كۆرگەنلىكىمدىن چىمەندە كۆڭلۈم تۇتۇلىدۇ، ھەسەل سۆزۈڭنى تېتىغانلىقىمدىن شېكەر ئاچچىق تېتىيدۇ، دەپ ئۆز يارىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

7 - بېيىتتە: ئۆز شېئىرىنىڭ باشقا ھېچقانداق شېئىرلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ماختىنىش بىلەن يازىدۇ.

شائىر 107 - غەزىلىدە، ئۆز زامانىسىنىڭ ۋاپاسىز ئەربابلىرىغا، ئۆزىنىڭ بىۋاپا يار - بۇرادەرلىرىگە يارغا خىتاپ قىلىش پەردىسى ئاستىدا تاپا - تەنە قىلغانلىقىنى كىتاپخانلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى مۇلاھىزە قىلسۇن.

يازغۇچىلىق ۋە شائىرلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنى — ئاڭلىغۇچى (كىتاپخانلار) نى تەپەككۇر دېڭىزىدە ئۈزدۈرۈش. چوڭقۇر پىكىر يۇرگۈزمەستىن ئۇدۇلىغا قىلىنغان سۆزلەر كىشلەرنىڭ تۇيغۇ تارلىرىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ گۈزەل سادا ئاڭلىتالمايدۇ. مەشھۇرى بۇ مەنانى ئالغا سۈرۈپ، 110 - غەزەلىنىڭ 4 - بېيىتىدە:

«تۈز سۆز ئەربابى مالاھەت قاشىدا تۈزسىز ئىرۇر،
گەر مالاھەت فەھم سەن سۆزدە نازاكەت ئىستەگىل.»

دەيدۇ. ئۇ تۈز سۆزنى تۈزسىز يەنى تەمى يوق ھېساپلايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى خېلى چوڭقۇر ئەقىل يۈگۈرتكەندە ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدىغان چوڭقۇر مەنىلىك ۋە پۇختا مەنتىقىلىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن. بۇ مىسراسىدا ئۇ تۈز بىلەن تۈزنى جىناس كەلتۈرۈپ، يەنە بىر ماھارەت كۆرسەتكەن.

مەشھۇرى يۈكسەك ئەدىبىي ماھارەتكە ئىگە شائىر بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇ يەنە جاھالەتكە، تادانلىققا قارشى جەڭچىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارىشىنى باشقا يەرلەردە ئىزھار قىلغاندىن تاشقىرى، 112 - غەزەلىنىڭ 3 - بېيىتىدە تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

113 - غەزەلدە بىز شائىرنىڭ مۇنداق سەنئەتلىك مىسرالىرىنى ئۇچرىتىمىز:

«گۈلگۈن ئاھىم پەنجىسى خۇرشىدغە باغلار خىنە،
كىم نىگاھىم ئىزلىرىدىن جاندا تەسەۋۋۇر ئەتمىشەم.»

(مەن يارىمنىڭ ئىزلىرىنى جېنىم ئىچىدە ئويلىغىنىمدا، گۈلرەڭ ئاھىم قۇياش پەنجىسىگە خىنە ياقىدۇ) دەيدۇ. بۇ بېيىتتە شائىر ئاھىنى گۈلرەڭ بىلەن سۈپەتلەپ، قۇياشقا پەنجە ياسايدۇ ۋە بۇ پەنجىلەرگە گۈلرەڭ قىزىل ئاھىدىن خىنىيا قىدۇ.

يەنە شۇ غەزەلنىڭ 6 - بېيىتىدە، مەككار زاھىدلارنى شۇ قەدەر ئېچىپلايدۇكى، ئۇلارنىڭ رايىغا قارشى مەسچىتلەرنى بۇزۇپ، ئورنىغا بۇتخانا ياساتماقچى بولىدۇ.

مەشھۇرى ماھىر سەنئەتكار بولۇش بىلەن بىللە، تەبىئەت سىرلىرىغىمۇ ئاشنا بىر شائىردۇر. ئۇ 115 - غەزەلنىڭ 1 - بېيىتىدىكى «زەررىدەك سەرگەشتە بىر مىھىر-رەخشان بولمىشەم» دىگەن مىسراسىدا ئۆزىنى زەررىگە، يارنى قۇياشقا ئوخشىتىپ، زەررىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا تارتىلىپ تۇرۇش قانۇنىيىتىنى مىسال قىلىپ ئالىدۇ.

117 - غەزەلدە شائىر ئۆزى توغرىلىق توختىلىپ، 1 - بېيىتتە: مەن خىلۋەت گۇللۇكنىڭ چىرايلىق سايرايدىغان بۇلبۇلىمەن. غەزەل گۈل دەستە، ھەر بىر مىسراسى بىر رەيھانگۈل؛ 2 - بېيىتتە: تۇرلۇك نەقىشلەر باغلاشقا قولۇمدىن قەلەم چۈشمەيدۇ، ئاسماندىن كۆڭلۈمگە ئىلاھى ئىلھاملىرى چۈشۈپ تۇرىدۇ؛ 3 - بېيىتتە: سۆز شاخلىرىغا مەنا باغلايدۇ، شېكەر چاچىدىغان قەلىمىم بەتلەرنى شېكەر چېچىلغاندەك قىلىۋېتىدۇ، دەيدۇ. بۇ غەزەلنىڭ باشقا مىسرالىرىمۇ شۇنداق گۇزەللىكلەر بىلەن تولغان.

شائىرنىڭ شېئىر ھاياتىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆمرىنى سەرگەردانلىقتا سەرگەشتە بولۇپ ئۆتكۇزگەن. 119 - غەزەلنىڭ 5 - 6 - بېيىتلىرىدە بۇ مەزمۇننى: تەقدىرىم شېئىردەك ئاۋارىلىق ئىدى، مەملىكەتلەرنى كېزىپ بىرەر تۇرار جاي تاپالمىدىم، بۇ ۋەتەننىڭ بىر ماكانسىز بۇلبۇلىمەن، يۇز خىل سايراپمۇ يەشىنەش بەرگىگە ئىگە بولالمىدىم، دەپ ئىزھار قىلىدۇ.

مەشھۇرى پۈتۈن ھاياتىدا قەلەمدىن ئايرىلمىغان، ئۇنى ئۆزىگە مۇنس قىلغان بىر شائىردۇر. ئۇ 125 - غەزەلنىڭ 2 - بېيىتىدە:

«بار قەلەمرەۋنى كېزىپ يۇردۇم تاپايدەپ ھەمزا بان①،
بىر قەلەمدىن ئۆزگە يارۇ ھەمزابانىنى كۆرمىدىم.»

دەپ، قەلەمدىن باشقا يارۇ-ھەمزابان تاپالمىغانلىقىنى يازىدۇ. دىمەك، مەشھۇرى قەلەمنى ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر دىلدىشى، سىردىشى دەپ تونىغانلىقى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئۇستا شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

شائىر شېئىرىيەتتە مەنا قانداق لازىم بولسا، لەفزىنىڭ گۇزەللىكىمۇ شۇنداق لازىم ۋە زۆرۈر، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. 139 - غەزەلنىڭ 3 - بېيىتىدە بۇ كۆز

① ھەمزا بان (پ) — بىر تىل، سىرداش مەنىسىدە.

قارىشىنى يەنە مۇنداق كەلتۈرىدۇ:

«مائانى شاھىدى يۈز ھۆسىن پەيدا قىلماسۇن ئىچۈن،
تارارغە لەفز زۇلفىن يۈز ئىلە ھەم شانە مەشرەپمەن.»

(مەنانىڭ مەھبۇبلىرى قانداقمۇ ھۆسىن تاپمىسۇن، چۈنكى مەن لەفزىنىڭ چاچلىرىنى يۈز بىلەن تارايمەن.)

ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى شائىرلار ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك تەلىمدۇر. ئۇ يەنە شۇ غەزەلنىڭ 6 - بېيىتىدە، ئۆزىنىڭ ھاتەمدەك سېخىيلىقىمۇ باش ئەگمەيدىغان ئالى ھىممەت، قەلەندەر ئىكەنلىكىنى، پىقىرلىق خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ شاھلاردەك يۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مەشھۇرى پۈتۈنلەي ئىشقا بېرىلگەن بىر شائىردۇر، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىشق ھەممىدىن ئۈستۈن. ئۇ بۇ مەنانى 140 - غەزەلنىڭ 2 - بېيىتىدە روشەن ئىپادىلەپ: ئادەمدە ئىشق بولمىسا ئۇ ئادەم ئەمەس، جانسىز سۈرەتتۇر، جان مەملىكىتى ئىشقسىز ئاۋات بولمايدۇ، دەپ جاننى مەملىكەتكە، ئىشقنى شۇ مەملىكەتنىڭ شاھىغا ئوخشىتىدۇ.

شائىرنىڭ 143 - غەزىلىدە مۇنداق سۆز سەنئەتلىرى بار:

دىدە خۇنبار — قان ياغدۇرار كۆز (سۈپەتلەش)
گەردۇنى كەجرەپتار — ئەگرى ئايلىنىدىغان ھارۋا (پەلەكتىن كىنايە)
ئەشكى ئەختەرگون — يۇلتۇز رەڭلىك ياش (سۈپەتلەش)
دىلى ئەپكار— يارىلانغان يۈرەك (سۈپەتلەش)
كىلكى شەككەربار — شېكەر ياغدۇرىدىغان قەلەم (ئوخشىتىش)

ئەمدى مەشھۇرىنىڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇستەھزادىنى كۆرۈپ باقايلى:

تەنناز بوتى غەمزەسى جانىمغا بالا دۇر،
مەن ئاڭا قۇربان.
رەپتارى گىرىشمە قەدى ئىشۋە نامادۇر،
مەن ئاڭا قۇربان.
ھۆسنىگە ئىرور زىب يۈزى دەۋرىدە زۇلفى،
گويا مەي ئىچپىمەن.
رەخشان يۈزىگە ئايىنە روھ رابادۇر ①،

① روھ رابا (پ) — جاننى تارتقۇچى.

جانىم ئاڭا مەيلان.
مىھراپ قېشى ھۆسنى بىناسىدا ئاڭا تاق.
ساجىدئاڭا ئۇششاق.
كافىر كۆزىدىن غارەتگاھ ئىشۋە نامادۇر،
مەندە تانار ئىمان.
ئول شوخى پورئاشۇپ تۈزۈپ غەمزە بىناسىن،
سەبىر ئۆيىنى بۇزدى.
كافىر قاراشى غەمزە سىپاھىنى ياسايدۇ،
دىن كىشۋىرى ۋەيران.
نەززارە كۆزىنى كۆتە ئالمام يۈزىدىن بىر،
ئەزبەس ئاڭا مۇشتا.
كۆزلەرىمگە ئاينە كەبى نۇر جۇلا دۇر،
روخسارە خۇبان.
مەن مۇستەھىق① ھۆسن زاكاتىن ماڭا بەرگىل،
مەمنۇن بولا يىن مەن.
مەشھۇرى كېسەل لەئل لىبىڭ شەھىد شىپادۇر،
ئېتىماق ماڭا ئەرمان.

مەلۇمكى، شېئىرىيەتتە مۇستەھزاد (زىيادە قىلىنغان) ئەڭ بىر نازۇك سەنئەت بولۇپ، بىر غەزەلدىن ئۈچ غەزەل، ئۈچ مەنىدىن ئۈچ ۋەزىن ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، بۇ شېئىرىي سەنئەتتىكى ئەڭ نازۇك ۋە قىيىن بىر يول بولۇپ، مەشھۇرىنىڭ بۇ مۇستەھزادىسى ئەنە شۇ يولنىڭ ياخشى مىسالىدۇر.

مەشھۇرى دانالار بىلەن سۆھبەتنى غەنىمەت بىلىپ، ناجىنسلار سۆھبىتىدىن تولىمۇ زارلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ كىشىگە ناجىنس سۆھبىتىدىن يامانراق نەرسە يوق.

شائىر 147 - غەزەل ۋە 3 - غەزەللىرىدە بۇنى روشەن كۆرسىتىپ: ناجىنس بىلەن سۆھبەتتە بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ دوزاخ ئازاۋىنى تارتىدۇ، دەيدۇ.

زۇلمەتلىك دەۋرلەردە ھەقىقەتنى سۆزلىگۈچى ۋىجدانلىق شائىرلارغا ئوخشاش، مەشھۇرىمۇ ئۆز زامانىسىدىن بەك كۆپ جاپا چەككەن. ئۇ، كۆپ بېيىتلىرىدا كاژ-پەلەكتىن زارلانغىنىدەك ، 148 - غەزىلىدىمۇ: مېنىڭ قەدرىمنى كىم بىلگەي . مېنى

① مۇستەھىق (ئە) — لايىق.

كۆزىگە كىم ئىلدى، غېرىبىمەن ئۆز دىيارىمدا، ئەسىرمەن ئۆز ماكانىمدا. دەپ ئۆز دىيارىدا، ئۆز ۋەتىنىدە خورلىنىۋاتقانلىقىدىن زارلىنىپ ئۆز دەردىنى تۆكىدۇ ۋە ئۇنى مۇنداق بەدىئىي سەنئەت گۈلدەستىسى قىلىپ تۇزىدۇ:

بىر قېرى خوتۇن چاق ئىگىرىپ، يىتنە ژىپىنى تاۋلاپ كەمەندە ياساپ، مىڭلاپ ئازارنى يىپنىڭ تارى بىلەن باغلاپتۇ. بۇ، 154 - غەزەلنىڭ مەتلىئى. شۇ غەزەلنىڭ 2 - بېيىتىدە كىنايىلىك زاڭلىق يۇرگۇزۇپ: ئۇستۇن بولاي دىسەڭ، راپىتلىقنى تاشلاپ ئەگرى (تەتۇر) بول، چۈنكى پەلەك تەتۇر ئايلىنىدۇ. قارىمامسەن، قېشىڭ ئەگرى بولغاچقا يۇقۇرىدا، قامىتىڭ تۈز بولغاچقا تۆۋەندە تۇرۇپتۇ: 3 - بېيىتتە: رەزىل بول، ھىممەتلىك بولما، كۆرمىدىڭمۇ، قارچۇغىنىڭ غىزاسى قان، چىۋىننىڭ قەندۇر؛ 4 - بېيىتتە: قەدىر ئىزلەيدىغان بولساڭ، باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان بول، كۆرمىدىڭمۇ، سۇ - خار، زەھەر — ئېزىز، دەپ زامانىسىنى تەتۇر كىنايە سەنئىتى ئارقىلىق سۆكىدۇ.

شائىر 159 - غەزىلىدە، ئۆزىنىڭ غېرىبۇ خاكسار كەچۈرگەن تۇرمۇشىدىن زارلىنىپ كېلىپ، كۆڭلى سۇزۇك دوستۇڭدىن ئايرىلما، دەپ نەسىھەت بەرگەندىن، كېيىن، «كىم يىراق تۇشكەچ ئىرۇر خۇرشىددىن ئايىنىڭ كېمى» دىگەن مىسرا بىلەن بۇ غەزەلنى ئاياقلاشتۇرىدۇ. بۇ مىسرادا قۇياش كۆڭلى سۇزۇك دوستنى، ئاي ئۆزىدىن (مەشھۇرىدىن) ئىبارەت ماجازلىق كىنايە بولۇپ، قۇياشتىن يىراقلاشقان ئاينىڭ كېمىيىپ كېتىشى ھالەت دەلىلىدۇر. مانا بۇ — سەنئەت، ئەدىپلەر ماھارىتى ئىچىدىكى ئەڭ نازۇك بىر ماھارەتتۇر.

مەشھۇرى ھەقىقى مەرىپەت سۆيەر شائىر بولۇپ، ئۇ ئۆز مىسرالىرىدا قايتا - قايتا نادانلىق ۋە جاھالەتنى سۆكىدۇ. 161 - غەزەلنىڭ مەتلىئىدىمۇ شۇ پىكىرنى ئالغا سۇرۇپ، قاچاندا نادان داناغا مەقبۇل بولىدۇ، كۆرگۇچى بىلەن كۆرمىگۇچى تەڭ بولالامدۇ، دىگەن مەنانى مۇنداق يازىدۇ:

«قاندا نادان زۇمرەسى ① مەقبۇلى دانا بولغۇسى.
قاندا نابىنا كېلىپ مەنزۇرى بىنا ② بولغۇسى.»

شائىر كىشىلەرنى پەزىلەتلىك بولۇش ۋە بىلىم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ سىرتىنى پەدەزلەپ، شۇنىڭ بىلەن قالتىس بولىۋالغانلارنى تەنقىت قىلىدۇ. بۇ مەنانى 165 - غەزەلنىڭ 3 - بېيىتىدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

① زۇمرە (ئە) — گۇرۇھ. ② مەنزۇرى بىنا (ئە) — قاراپ كۆرگۇچى.

«ياسانغان سۈرەتنى كىم ئىبتىۋارغا ئالىدۇ. ئەنە قاراڭلا، خورازنىڭ بېشىدا تاجىسى، چۈۋىنىڭ بېشىدا سەللىسى تۇرمامدۇ؟!»

شائىر 1 - تەرجىمىبەندىنىڭ 16 - غەزىلىدە يېڭى بىر ئۇسلۇپ قوللانغان. ناۋايى ۋە باشقا شائىرلار بىرىنچى غەزەل ئايىغىدىكى بىر بېيىتنى باشقا غەزەللەرگە ئوخشاش تەرجىمىبەند قىلىپ كەلگەن. لېكىن مەشھۇرى بۇ تەرجىمىبەندىدە 16 غەزەلگە 16 بېيىتنى تەرجىمىبەند قىلىپ يازغان. بۇمۇ شائىرنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ماھارىتىنى نامايەن قىلىدۇ.

مەشھۇرى 20 غەزەللىك 2 - تەرجىمىبەندىدە ناۋايى بىلەن مەنادا ئۇستۇنلۇك تالاشىدۇ. مەسىلەن، ناۋايى بىر تەرجىمىبەندىدە:

«خارابات ئارا كىردىم ئاشۇپتە ھال،
مەي ئىستەرگە ئىلكىمدە سۇنغان ساپال.»

دېسە، مەشھۇرى بۇ تەرجىمىبەندىدە مۇنداق مۇشائىرە قىلىدۇ:

«ئەزەل ساقىسىدىن ئىچىپ جامى ھال،
نەباشتا خۇمارۇ نەقولدا ساپال.»

(ئى ناۋايى! سىز پەرىشان ھالدا، قولىڭىزغا سۇنۇق ساپالنى ئېلىپ مەيخانىدا مەي سوراپ يۈرگەن بولسىڭىز، مەن ئەزەل ساقىسىدىن بىر ھال (ئىشق) جامىنى ئىچكەنمەن. بېشىمدا مەينىڭ خۇمارىمۇ يوق ۋە مەي ئىزلەشكە قولۇمدا ساپالغا ھاجەتمۇ يوق) دەيدۇ.

شائىرنىڭ 1 - مۇخەممەسى كىلاسسىك شائىر ئابدۇراخمان جامى غەزىلىگە كىرىشتۈرۈپ توقۇلغان بولۇپ، جامى غەزىلىنىڭ مەتلىئى مۇنداق:

« كۆزلىرىڭنىڭ غەمزەسى ھەر لەھزە قەستى جان قىلۇر،
غۇنچە ئاغزىڭنىڭ كالامى غارىتى ئىمان قىلۇر.»

ۋە مۇنداق ئاخىرلىشىدۇ:

«يىلدا بىر قۇربان ئايى دەپ خەلق ئىچىدە بار ئىرۇر،
جامى بىچارە ھەردەم ئۆزىنى قۇربان قىلۇر.»

مەشھۇرى بۇ غەزەلنى مۇخەممەسكە ئايلاندۇرغان:

مەشھۇرى: قامىتىڭ رەفتار بىلەن ئالەمنى سەرگەردان قىلۇر،
مىڭنى مەندەك ھەر باقىشىڭ ۋالە ھەم ھەيران قىلۇر.

قاشلىرىڭ پەيۋەستە قاتلىمىغا قىلىچ ئۇربان قىلور،
جامى: كۆزلىرىڭنىڭ غەمزەسى ھەرلەھزە قەستى جان قىلۇر،
غۇنچە ئاغزىڭنىڭ كالامى غارىتى ئىمان قىلۇر.

مەشھۇرىنىڭ 2- مۇخەممىسى ناۋايىنىڭ:

«كۆكرىكىمدۇر سۇبھىنىڭ پىراھىنىدىن چاكراق،
كىرپىگىم شەبنەم تۆكۈلگەن سەبزىدىن نەمناكراق.»

دىگەن مەتلەئلىك غەزەلىگە باغلانغان مۇخەممەستۇر.
ناۋايىنىڭ غەزىلى مۇنداق تۈگەيدۇ:

«نەچچە ئۇقلانسا ناۋايىنىڭ كۆڭلى زەخمىراق بولۇر،
كۆرمىدىڭ زەخمىگە يەتكەن سارى بولغاي چاكراق.»

مەشھۇرى 2 - مۇخەممىسى:

بىر فىرىۋەشكىم پىرشتەدىن ئىرۇر بىپاكراق،
بارچە نازۇك نازىنىنلاردىن بەلەند ئىدراكراق،
مىھرى ئالەم تابىدىن رۇخسارى پەرتەۋ ناكراق.»

دەپ باشلاپ، ئاخىرقى 2 مىسراسىنى ناۋايىنىڭ:

«كۆكرىگىمدۇر سۇبھىنىڭ پىراھىنىدىن چاكراق،
كىرپىگىم شەبنەم تۆكۈلگەن سەبزەدىن نەمناكراق.

دىگەن مەتلىئى بىلەن تۈگەتكەن.

مەشھۇرىنىڭ 7 كۇبلېتلىق مۇسەددىسى (ئالتىلىك) فۇزۇلىنىڭ:

«سوردۇم مەگەر بۇ دۇرجى دەھەندۇر ① دىدىم، دىدى،
رۇخرۇخ ② داۋايى دەردى ناھانىڭ ئىرۇر سىنىڭ.»

دىگەن مەتلەئلىك غەزىلىگە تەڭكەش قىلىنغان. فۇزۇلىنىڭ بۇ غەزىلى مۇنداق تۈگەيدۇ:

① دۇرجى دەھەن (ئە) — قۇتا، ئېغىز قۇتىسى. ② رۇخرۇخ (پ) — ۋاي-ۋۇي.

«بۇلار نەدۇر؟ نەدۇررى ئەدەندۇر؟ دىدىم، دىدى،
ئەيتسام فۇززۇلى ئەشكى راۋانىگدۇرۇر سىنىڭ.»

شائىر بۇ دىۋانىدا مەشھۇر كىلاسسىك شائىرلاردىن ئابدۇراخمان جامى، مىر ئەلشىر ناۋايى ۋە فۇزۇلىلارنىڭ ئەڭ پاساھەتلىك غەزەللىرىنى تاللاپ ئۇنى مۇخەممەسكە، مۇسەددەسكە ئايلاندۇرغان.

غەزەلگە مۇخەممەس قىلىش ناھايىتى نازۇك سەنئەت. بۇ گويا بىر نەپىس رەختكە يەنە بىر نەپىس رەختنى ئۇلىغانغا ئوخشايدۇ. ئۇلانغان رەخت ئۇلانغۇچى رەخت بىلەن ئوخشاش بولمىسا چىپىپ قالغىنىدەك، مۇخەممەسمۇ شۇنداق سەت چىپىپ قالىدۇ.

مەشھۇرنىڭ 3 چوڭ شائىر رەختلىرىگە ئۇلىغان رەختلىرى ئوخشاش نازاكەت ۋە نەفاسەتتە بولۇپ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئوخشاشلىقتا ئىگىدۇر.

«دىۋان مەشھۇرى» نىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى 10 كۇبلېتلىق مۇخەممەس ۋە مەرسىيە 1247 - ھىجرىيەدە يەكەن ھاكىمى بولۇپ تۇرغان مۇھەممەت ئىزىز ھاكىمنىڭ ۋاپاتىغا شائىر مەشھۇرنىڭ يازغان مەرسىيەسىدۇر. بۇ مەرسىيە. مەرسىيە ئوقۇش ساھەسىدە يۇقۇرى پاساھەتكە ئىگە بولۇش بىلەن، شائىرنىڭ ھىجرىيىنىڭ 1247 - يىلى يەكەندە ياشىغانلىقى ۋە شۇ تارىختا ھاياتلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەھرىر ئىلاۋىسى:

ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن، 9- ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژۇرناللىرى خىزمىتىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى چاقىرىشقا مەسئۇل بولغان ئىدى. يىغىن داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، يىغىن ئاخىرلىشىش ئالدىدا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ تولۇق مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق، يىغىننىڭ مۇھىم خاتىرىسى ئىشلەپ چىقىلدى. ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇھەررىرلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ۋە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا يولداش جانابىلنىڭ سۆزىنى ھەمدە يىغىننىڭ مۇھىم خاتىرىسىنى ئېلان قىلدۇق.

# ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇرۇپ ئۇنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى

جانابىل

( 1985 - يىل 7 - سېنتەبىر)

يولداشلار:

ئالدى بىلەن ھەر بىرىڭلاردىن سەممىي ھال سورايمەن!

2- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى خىزمىتىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بۈگۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە

خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن ھەر بىر دېلەگەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقىمىزلارنى قارشى ئالىمەن ۋە يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

مەملىكەت خاراكتېرلىق يىغىن ئېچىپ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ژورناللىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ژورنال خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش ھەقىقەتەن ياخشى ئىش. بۇ يىغىن ئارقىلىق كۆپچىلىك ئۆتكەنكى خىزمەتلىرىدە ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنى كەڭ تۈردە ئالماشتۇرىدۇ ۋە بۇندىن كېيىن ژورنال خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش جەھەتتىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ژورنال خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ژورناللارنى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈستىدە كەڭ پىكىرلىشىدۇ.

بۇ يىغىنغا مەملىكىتىمىزنىڭ بەش ئاپتونوم رايونى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كۆپرەك بولغان ئۆلكىلەردىن كەلگەن يولداشلاردىن باشقا، يەنە بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە باشقا قېرىنداش ئۆلكىلەردىن قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن يولداشلار بار؛ بولۇپمۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ژورناللىرىنى ياخشى باشقۇرۇشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن كېلىپ يىغىنىمىزغا ئىشتىراك قىلىۋاتقان يولداشلارمۇ بار. مانا بۇ — پارتىيىمىز ئىزچىل تۈردە تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق ئىلگىرىلەش ۋە ئورتاق گۈللىنىش دېگەن توپ ئىدىيىسىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئەمەلىي ئىپادىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ يىغىننىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئارا ئۆگىنىش يىغىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى بولۇشىنى ھەمدە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تىرىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، «ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئادەتتىكى ئېيتىلىش بويىچە، ئىجتىمائىي پەننىڭ دائىرىسى ئىجتىمائىي پەن ۋە پەلسەپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ پەن تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ — تەبىئىي پەنلەر بىلەن بىرلىكتە تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەت-

تۇرىدىغان بىلىم سىستېمىسى، شۇنداقلا، ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۇنى. ئۇ، ئىجتىمائى ئەمەلىيەت داۋامىدا، ئۈزلۈكسىز سىناقتىن ئۆتۈش ۋە راۋاجلىنىش بىلەن بىللە، جەمىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتىپ ئۆتكەندەك: «سىنىپىي جەمىيەت مەۋجۇت بولغاندىن بۇيان، دۇنيادا ئىككى خىللا بىلىم بار، بىرسى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىگە دائىر بىلىم، يەنە بىرسى سىنىپىي كۈرەشكە دائىر بىلىم. تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائى پەن ئەنە شۇ ئىككى خىل بىلىمنىڭ جەۋھىرى، پەلسەپە بولسا تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىم بىلەن جەمىيەت توغرىسىدىكى بىلىمنىڭ يىغىندىسى ۋە يەكۇنى.» جەمىيەت ۋە پەننىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى ۋە خاراكتېرىدە بەزى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ۋە تەرەققىياتلار يۈز بەردى. مەسىلەن، هازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا، تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائى پەن بىر بىرىگە سىڭىشىپ، گىرەلىشىپ، بەزى يېڭى پەن تارماقلىرى كېلىپ چىقتى، بىز بۇنى «يانداش پەن» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. يەنە مەسىلەن، هازىر ئېلىمىزدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى، سىنىپىي كۈرەش ئېلىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىجتىمائى پەن گەرچە يەنىلا سىنىپىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى سىنىپىي جەمىيەتتىكىدەك ئۇنداق روشەن ئەمەس. ئەمما، جەمىيەت ۋە پەن قانداق راۋاجلانسىمۇ، ئومۇمى پەن يەنىلا تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائى پەندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائى پەن بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت. بۇ خىزمەت پارتىيىمىزنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىستىراتېگىيىلىك ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە بۇندىن كېيىن دۆلىتىمىزنى داۋاملىق گۈللەندۈرۈپ، تەرەققى قىلدۇرۇپ، كوممۇنىزملىق غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئالا يلۇق، نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەھەر ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك ئىسلاھاتلار؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەملىكىتىمىز بويىچە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەرگە قارىتا «غايىلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، بىلىملىك بولۇش، ئىنتىزاملىق بولۇش» توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش؛ مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان مۇندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىز بويىچە كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر ۋە داۋاملىق تۈردە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا

بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش
خىزمىتى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي پەن كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان
خىزمەتلەر. بۇ خىزمەتلەرنىڭ قانداق ئىشلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە
نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي سالمىقى
مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر
مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ زىممىسىدە. پارتىيە ۋە خەلقىمىز ئىجتىمائىي پەن
خادىملىرىدىن زور ئۈمىت كۈتىدۇ. شۇڭا يولداشلارنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە ئېغىر، مۇسا-
پە ئۇزۇن. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار شەرەپلىك خىزمەت، شۇنداقلا مۇشكۇل ھەم جاپالىق
خىزمەت. يولداشلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئەرزىيدۇ.

ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ
ئۈستىگە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقان-
چىلىقنىڭ بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە، پارتىيىمىز ئىچىدە ۋە جەمئىيەتتە، ئۇزاقتىن بۇيان
بىلىمگە سەل قاراش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە سەل قاراش خاھىشى ساقلىنىپ كەلدى.
پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز
خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ قەتئىيلىك بىلەن قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، بىلىمگە
ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەك-
لىككە كۆتەردى، زىيالىيلار سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىلىمگە سەل
قاراش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە سەل قاراش خاھىشىنى تۈپتىن تۈزەتتى. بىراق، بۈگۈن-
كى كۈندىمۇ پارتىيە ئىچىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا، تەبىئىي
پەنگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي پەنگە سەل قارايدىغان ھادىسە يەنىلا
مەۋجۇت. تەبىئىي پەنگە ئەھمىيەت بېرىش توغرا - ئەلۋەتتە، لېكىن ئىجتىمائىي پەنگە
سەل قاراش — بۇ توغرا ئەمەس. تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەن ئوخشاشلا مۇھىم
ئورۇنغا ۋە رولغا ئىگە ئىككى چوڭ پەن سىستېمىسى، بۇلارنىڭ خىزمەتتىكى تەقسىماتى
ۋە ئوينايدىغان رولىنىڭ دائىرىسى ئوخشىمايدۇ، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئوينايدى-
غان رولىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. ئەمما ئۇلار مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەس، ئې-
گىز ياكى پەس، ئېغىر ياكى يەڭگىل دەپ ئايرىلمايدۇ. بىر قىسىم يولداشلاردا ئۇنىڭ
بىرسىگە ئەھمىيەت بېرىپ يەنە بىرسىگە سەل قارايدىغان ئەھۋالنىڭ بولۇشى، مېنىڭ-
چە، مۇنداق ئىككى تەرەپلىمە سەۋەپتىن بولسا كېرەك: بىرسى، بۇ يولداشلار تەبىئىي
پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەننىڭ خاراكتېرى ۋە خىزمەت تەقسىماتىنى چۈشەنمىگەن بولۇشى
مۇمكىن؛ يەنە بىرسى، ئۇلار مەسىلىگە يۈزەكى ھادىسىدىن قاراپ، تەبىئىي پەننىڭ

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى »

ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا يارانقان ئىقتىسادىي ئىمەتىدىلا كۆرۈپ، ئىجتىمائىي پەننىڭ ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا يارىتىدىغان مەنىۋى قىممىتىنى ھەمدە بۇ مەنىۋى قىممەتنىڭ ماددىي قىممەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتتە تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا، تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەننىڭ ئوخشاشلا مۇھىم رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان، تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەننى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە تەڭ قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرىدىغان ئەتراپلىق قاراشقا ئىگە قىلىشىمىز لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلىشى، ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشلىرى لازىم. مانا بۇ — ئەڭ كۈچلۈك تەشۋىق - تەربىيە. بۇنداق دېگەنلىك — مۇندىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا نەتىجە چوڭ ئەمەس، ياكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قالدى، دېگەنلىك ئەمەس، شۇنداقلا ئاساسىي نەزەرىيە ۋە تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئالغاندا، 30 نەچچە يىلدىن بېرى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى نۇرغۇن تەتقىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەمەلىي خىزمەتكە نىسبەتەن ناھايىتى زور رول ئوينىدى، بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرى مەملىكىتىمىز ئىچىدە خېلى چوڭ تەسىر قوزغاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەت سىرتىدىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنىمۇ قوزغىدى. باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى مەن بىلمەيمەن، لېكىن مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ خىزمىتى شىنجاڭنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن يۇقۇرىدا: ئاساسىي زېھنىي كۈچنى رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىش كېرەك دېگىنىمدە، پەقەت يولداشلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىدە رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىت قىلماقچىمەن. ئاساسىي نەزەرىيە ۋە تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغان چاغدىمۇ، ئۇنى رېئاللىق بىلەن باغلاپ، قانۇنـ

يەتلىمەك، نەرسىلەرنى يەكۈنلەپ، قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەتئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. يۇقۇرقى ئىككى جەھەتتىكى خىزمەت ئوبدان ئىشلەنسە، جەمىيەتتىكى ئىشلەر ئىجتىمائى پەنگىمۇ تەبىئى پەنگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنگە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىدىغان بولىدۇ.

يەنە بىر خىل بىر تەرەپلىمە قاراش بار، ئۇ بولسىمۇ، پارتىيە ئىچىدىكى، جەمىيەتتىكى ھەتتا ئىجتىمائى پەن سېپىدىكى بەزى يولداشلار تەتقىقات خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائى پەن ژورناللىرى خىزمىتىگە سەل قارايدۇ؛ ئىجتىمائى پەن ژورناللىرىنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىنى تەتقىقات ئاپاراتى دەپ قارىمايدۇ، ژورنال مۇھەررىرلىرىنى تەتقىقات خادىمى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى قانداقتۇر، ژورنال تەھرىر بۆلۈملىرىنى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ياردەمچىسى، ژورنال مۇھەررىرلىرىنى تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ياردەمچىلىرى دەپ قارايدۇ، ئۇلارچە، مۇھەررىرلىك پەقەت بىر تال قىزىل قەلەم، بىر دانە قايچا، بىر قۇتا رەڭ، بىر قۇتا شىلىم دەسمى سېلىپ، سىزىپ-سىپاش، چاپلاپ - يەملەش ئىشى بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان ئىش، ئۇنىڭغا ھېچقانچە بىلىم كەتمەيدۇ، دەپ ھىساپلايدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. بىز شۇنى ئېنىق ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئىجتىمائى پەن ژورناللىرى تەھرىر بۆلۈملىرى باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئوخشاشلا، شەك - شۈبھىسىز تەتقىقات ئاپاراتى، ژورنال مۇھەررىرلىرىمۇ شەك - شۈبھىسىز تەتقىقات خادىملىرى ھىساپلىنىدۇ. ئەمىلىيەتتە، ئىجتىمائى پەن ژورناللىرىنىڭ مۇھەررىرلىرى — ئىجتىمائى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ تۇنجى باھالاپ بېكىتكۈچىلىرى. تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش، كۈچ قوشۇپ تۈزىتىش، ئۇنى جەمىيەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش مۇھەررىرلەرنىڭ قولىدىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا تەھرىرلىك — تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىش تەرتىۋى ۋە ھالقىسى ھىساپلىنىدۇ. ئەگەر مۇھەررىر يولداشلار بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك، بىر قەدەر يۇقۇرى سىياسەت سەۋىيىسى، نەزىرىيە بىلىم سەۋىيىسى، بىر قەدەر پۇختا كەسپىي بىلىمى، بىر تەدەر كۈچلۈك تەتقىقات ئىقتىدارى بولمىسا، يۇقۇرقىدەك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا، تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن تەھرىر بۆلۈملىرى، تەتقىقات خادىملىرى بىلەن مۇھەررىرلەر ئوتتۇرىسىدا، قايسى تەتقىقات ئاپاراتى، قايسى تەتقىقات ئاپاراتى ئەمەس، قايسى تەتقىقات خادىمى، قايسى تەتقىقات خادىمى ئەمەس دىگەن مەسىلە تۈپتىن مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت تەتقىقات جەريانىدىكى ئىش تەقسىماتىلا پەرقلىنىدۇ - خالاس.

يولداشلار، ھەممىڭىزلەر ئىجتىمائى پەن ژورناللىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇھەر-

رىرلىرى، شۇڭا مەن ژورنال ۋە تەھرىرلىك خىزمىتى ئۈستىدە يەنە ئازراق پىكىر قىلىپ ئۆتەي: بىرىنچى پىكرىم، ئىجتىمائىي پەن ژورناللىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت، بۇنىسى شۈبھىسىز. لېكىن بۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈش پاسسىپ، سۇستلۇق بىلەن ئەمەس، تەشەببۇسكارلىق، پائالىيەتچانلىق بىلەن بولۇشى لازىم. دېمەك، ژورنالدا ئېلان قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بويىچە تاللانغان، مۇھىم - مۇھىمسىزلىكى پەرق ئېتىلگەن بولۇشى لازىم. بۇنداق تاللاش، پەرقلەندۈرۈش ژورنالنىڭ نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، نېمىنى تەكىتلەيدىغانلىقى، نېمىنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقى، نېمىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي پەن ژورناللىرى ماقالا ئېلان قىلىشتا، ئىجتىمائىي پەن كاتېگورىيىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ماقالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلان قىلىش ئەمەس، شۇنىڭدەك قانداقلا ماقالا كەلسە، قارا - قويۇق ئېلان قىلىۋېرىش ئەمەس، شۇنىڭدەك نوقۇل ھالدا ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىلا ئېلان قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى ژورنالغا ماقالا تاللاش داۋامىدا، ژورنالنىڭ تەلىپى، تەكىتلەيدىغان، گەۋدىلەندۈرىدىغان، تەشەببۇس قىلىدىغان مەزمۇنى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى ئۇيۇشتۇرۇش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ژورناللا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىي خىزمەت قىلالايدۇ. ئىككىنچى پىكرىم، ئىجتىمائىي پەن ژورناللىرىمىز ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، پەن - تەتقىقات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش، پەن - تەتقىقات قوشۇنىنى زورايتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يەنە ئالاھىدە مۇھىم رولى بار. ژورنال ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىگە قارىتا، ئىلگىرى تونۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر قايسى جايلاردىكى ژورناللار ژورنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش داشۆلىرىنى ئاچتى، بەزىلىرى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ، جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. بۇ بىزگە نىسبەتەن ئۆگىنىش بولدى. دەرۋەقە، ئىجتىمائىي پەن ژورناللىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، ژورنالى ئارقىلىق ئوقۇتۇش داشۆلىرىنىڭكىگە ئوخشاش، ژورنالغا بېسىلغان لېكسىيە بىلەن دەرس ئۆتۈش، كونسۇلتاتسىيە قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن بىز ئۆز خىزمىتىمىز ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، كەڭ

تۇردە دوست تۇتۇش ھەمدە ماقالا تاللاش، ماقالا ئۆزگەرتىش، ماقالا قايتۇرۇش داۋامىدا، ئاپتورلارغا، بولۇپمۇ يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا يېڭىدىن كىرىشكەن يولداشلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىش مەقسىدىگە يېتەلەيمىز. شۇنداق قىلساق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر تۈركۈم يولداشلار ژورنال ئاپتورلىرىنىڭ تايانچىلىرىغا ئايلىنىپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۈچىنچى پىكرىم، ئىجتىمائىي پەن ژورناللىرى ئۈستۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، يەنى مۇۋاپىق شەكىل، ئاددىي ۋە ئېنىق تىل ئارقىلىق، كەڭ ئاممىغا ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئاممىباپ تەشۋىق قىلىش مەسىلىسىنى يولداشلارنىڭ ئويلىشىپ كۆرۈشىنى تەكلىپ قىلىمەن. چۈنكى ئامما ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى بىلگەن، ئىجتىمائىي پەننىڭ ئۆزلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي پەن جەمئىيەتتە قەدىرلىنىدۇ. تەبىئىي پەننىڭ جەمئىيەتتە قەدىرلىنىشكە ئېرىشكەنلىكىدىكى مۇھىم بىر سەۋەپ — تەبىئىي پەن خادىملىرى پەننىي بىلىملەرنى ئاممىباپ تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىر مۇنچە ئاممىباپ گېزىت - ژورناللارنى چىقارغانلىقىدا. ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەن ژورناللىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇھەررىرلىرى بۇنى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك.

يولداشلار، يىغىنىڭلار بۈگۈن رەسمىي ئېچىلدى، بۇ يىغىننى ئويۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولغان يولداشلارنىڭ ئېيتىشىچە، يىغىن مەزگىلىدە يولداشلار زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ژورنالنى ياخشى باشقۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندىن باشقا، يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئەتراپتىكى رايونلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدىكەن. مەن كۆپچىلىكتىن ژورنىلىمىزنى ياخشى چىقىرىشقا يار - يۆلەك بولغاندىن سىرت، ئېكسكۇرسىيەدىن كېيىن بىزنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرىمىزگە قارىتا تەنقىت ۋە تەكلىپ بېرىشنى، باشقا خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە ياردەم بېرىشنى سورايمەن. شۇنداقلا يولداشلار قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنى كۆپرەك تەشۋىق قىلىپ، كۆپرەك تونۇشتۇرۇپ، ئىچكى رايونلاردىكى خەلققە شىنجاڭنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشەندۈرۈپ، ھەر ساھەنىڭ زىيالىيلىرىنى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشنى خالايدىغان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەدەت بېرىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئاخىرىدا، يولداشلارنىڭ شىنجاڭدىكى مەزگىلدە تۇرمۇشىنىڭ خوشال - خورام، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن.

ھەممىڭىزلەرگە رەخمەت.

# 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژۇرناللىرى خىزمىتىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى

1985-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشىيا، گۇاڭشى، شىزاڭ، شىنجاڭ، سىچۇەن، يۈننەن، گۈيجۇ، چىڭخەي، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، جياڭشى، فۇجيەن، شەنشى قاتارلىق ئۆلكە-رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژۇرناللىرى تەھرىر بۆلۈملىرىدىكى يولداشلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژۇرناللىرى خىزمىتىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىنغا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى، «تارىخ تەتقىقاتى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە شىنجاڭدىكى قىسمەن ئالىي مەكتەپلەر، پارتىيە مەكتىۋى، شىنجاڭ گېزىتخانىسى، «نۇر گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى ھەمدە كىتاپخانىلار ۋەكىلى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

يىغىن باشلانغاندا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى ھەر قايسى جايلاردىن ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن ۋەكىللەرنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىنى تىلىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش جانابىل يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەم يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يولداش جانابىل ئۆز سۆزىدە، ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدا ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە كۆپچىلىكنى

ئىجتىمائىي پەن سېپىنى رىياللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تۆھپە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى.

يىغىن داۋامىدا، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گۇاڭشى، نىڭشيا، شىزاڭ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە-رايونلارنىڭ ۋەكىللىرى 1983-يىل 8-ئايدا ئىچكى موڭغۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن 1-نۆۋەتلىك يىغىندىن بۇيان، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتتە ئىشلەنگەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى، بولۇپمۇ نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە پەن تەتقىقات تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ژۇرنال خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىۋاتقان چارە-تەدبىرلىرىنى ئۆز ئارا تونۇشتۇردى ھەم تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. ۋەكىللەر بۇ يىغىن ئارقىلىق زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە ئۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. كىتابخانىلار ۋەكىلى ئۆزىنىڭ بۇ يىغىندىن ئالغان تەسىراتى ئاساسىدا، ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ ئوبدان چىقىرىش توغرىسىدا ئاكتىپ تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدە، ھەر قايسى ئۆلكە-رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنى ئوبدان چىقىرىش ئۈچۈن، ژۇرنالنىڭ ئىلمىيلىكى بىلەن نەزەرىيىۋىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن تەتقىقات سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىشىمىز لازىم؛ ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىپ، ئۆز رايونىمىزدىكى ۋەزىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن باغلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز جايلىرىمىزنى ئاساس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىشىمىز، ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتىشسىزلىكلىرىمىزدىن ساقلىنىپ، ژۇرناللىرىمىزنى مول مىللىي تۈسكە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ژۇرنال قىلىپ چىقىرىشىمىز لازىم؛ ژۇرناللىرىمىز ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىن ئۆز جايلىرىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان

ۋە ئىلگىرى سۈرىدىغان بولۇشى، تېخىمۇ مۇھىمى، رېياللىققا يۈزلىنىپ، شۇ ئۆلكە، شۇ رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى تەرەققىيات جەريانىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، دۇچكەلگەن يېڭى مەسىلىلەرگە تەتقىقات ئارقىلىق جاۋاپ بېرىدىغان بولۇشى لازىم.

مۇزاكىرە داۋامىدا، ۋەكىللەر ژورنالنى ئوبدان چىقىرىپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، «سول» چىلىقنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈگىتىپ، پارتىيىنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ھەقىقى تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆز جايلىرىمىزدىكى ئاپتورلار قوشۇنىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىلمىي مۇھاكىمە ئىشلىرىنى دادىل قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. كۆپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدىكى ھېسسىياتلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، بىردەك شۇنداق تونۇشقا كەلدىكى، ئىلىم ساھەسىدە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىنى قوغداش ۋە قوللاش، ئاپتورلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدىنىش ۋە تونۇشنى ئۆستۈرۈش جەريانىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇش؛ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقىۋاتقان، ۋەتىنىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىپ، يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان نامسىز شەخسلەرنى تېخىمۇ يۈرەكلىك قوللاش، ئۇلارنىڭ تۆھپە قوشۇشى ئۈچۈن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن شەرت-شارائىت يارىتىپ، ئىلمىي مۇھاكىمىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىنى، ئىلىم ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىشنى ئۈمىت قىلىمىز. ئىلىم ساھەسىدىكى ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھاكىمىسى ۋە ئىجتىمائى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ھازىرچە خۇلاسە چىقىرىش قىيىن بولسا، ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولىدۇ، ژورنالدا ئالدىراپ خۇلاسە چىقىرىش مۇۋاپىق ئەمەس.

ئىجتىمائى پەن تەتقىقاتى ۋە ژورنال تەھرىرلىك خىزمىتىنى رېياللىق ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا، ۋەكىللەر مۇزاكىرە ئارقىلىق مۇنداق تونۇشقا كەلدى: ئىجتىمائى پەن ئۆز ئىچىگە ئالغان تارماق پەنلەر بىر قەدەر كۆپ، ھەر قايسى پەن تارماقلىرى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئىجتىمائى رېياللىق بىلەن بولغان ئالا-

قىسمىنى كۆچەيتىپ، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي پەننىڭ ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتىكى تەتقىقات كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك، لېكىن ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى جەھەتتىكى كۈچ نىسبەتەن ئاجىزراق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پەننىڭ ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى تەتقىقاتنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شۇنىڭدەك، جايلارنىڭ ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىمۇ يېڭىدىن يۈز بەرگەن رېيال مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئارقىلىق، ژۇرنالنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. بىرمۇنچە ۋەكىللەر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ۋە ژۇرنال تەھرىرلىك خىزمىتىدە ئەمەلىيەتكە باغلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك — ئەلۋەتتە، لېكىن ئەمەلىيەتكە باغلاش دېگەن بۇ سۆزنى كەڭ مەنىدە چۈشىنىش لازىم، ئۇنى پەقەت پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنىلا ئىزاھلاپ تەشۋىق قىلىش، دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، «4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى داۋامىدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىش، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا، ۋەكىللەر مۇنداق تونۇشقا كەلدى: ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسلىقى مۇنۇ ئىككى تەرەپنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك: بىرسى — جانلاندۇرۇش، بۇنىڭ ئاچقۇچى — ئىلىم ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش؛ يەنە بىرسى — ئىشنى ئىچىۋېتىش، بۇنىڭ ئاچقۇچى — ئۇچۇر خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى يۈزلىنىش ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىقتىسادىي ھساۋاتنى كۈچەيتىپ، زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن، جايلاردىكى ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى ئىلمىي باشقۇرۇش جەھەتتە بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇندىن كېيىن يەنە داۋاملىق تىرىشىپ، تارقىتىشنى كېڭەيتىپ، چىقىمنى تېجەپ، دۆلەتنىڭ خىراجىتىنى ئازايتىشىمىز لازىم. بىراق، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى كۆزدە تۇتقاندا، ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە كۆپرەك

ئەھمىيەت بېرىپ، ژۇرنالنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بىلەن ئىلمىيلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پۇلنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشقا، كىرىمنى كۆپەيتىمىز دەپ ژۇرنالنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى ئاجىزلىتىش ياكى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ژۇرنال چىقىرىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن خىراجەت قىيىنچىلىقىنى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم رولى ۋە مۇھەررىر خادىملارنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ ۋەكىللەر قىزغىن مۇزاكىرە قىلىپ، مۇنداق تونۇشقا كەلدى: نۆۋەتتىكى ئىسلاھات يېڭى ۋەزىيىتىدە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە شۇنداق مۇھىمكى، ئۇ ھەرقايسى ئۆلكە-رايونلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ سىياسەت بەلگىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك. تەھرىرلىك خىزمىتى — پەن تەتقىقات ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىدا پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىدىغان مۇھىم بىر ھالقا، ئۇ پەن تەتقىقاتىنى ئويۇشتۇرۇش ۋە ئالغا سۈرۈش رولىنى ئويناش بىلەنلا قالماي، يەنە ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش جەھەتتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، مۇھەررىر خادىملارنىڭ سۈپىتىگە نىسبەتەن بىر قەدەر يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇشى لازىم، ئۇلار مۇھەررىرلىك كەسپىگە كامىل، مۇناسىۋەتلىك پەنلەردىنمۇ خەۋىرى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە مەلۇم ئىدىيىۋى-سىياسىي سەۋىيىگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇلار ئاندىن «ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇش» ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشتە، تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئوينايدىغان رولىغا قانداق قاراش ۋە نۆۋەتتە مۇھەررىر خادىملارنىڭ كەسپىي ئۇنۋانى، مۇئاش تەمىناتى قاتارلىق جەھەتلەردە جىددىي ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا، ۋەكىللەر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بېرىشىنى مۇراجىئەت قىلىشتى.

نۆۋەتتە، مۇھەررىر خادىملارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئۇلارغا ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە جايلارنىڭ قوللانغان تەدبىرلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كۆپچىلىك سەممىي كۆڭلىدىن

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» نەشرىياتىنىڭ كەسپىي كۇرس ئېچىش، زۆرۈر بولغان كەسپىي يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە باشقا مۇۋاپىق يوللار ئارقىلىق، مۇھەررىر خادىملارنى تەربىيىلەش ئىشىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۇچۇر ئىشلىرى قالاق بولغاچقا، تەھرىرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كەسپىي گېزىت-ژورنال ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ زۆرۈر بولغان ئىلىم ئەھۋاللىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنىمۇ ئۈمىت قىلىشتى.

ئىسلاھات دولقۇنىدا، ھەر قايسى جايلارنىڭ ژورنالنى ئوبدان چىقىرىش ئۈچۈن قوللانغان تۈرلۈك چارە-تەدبىرلىرى، مەسىلەن، كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ژورنالنى پەن تارماقلىرى بويىچە ئايرىپ چىقىرىش؛ ئىلمىي مۇنازىرىنى ئالغا سۈرۈپ، ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەخسۇس تېمىلار بويىچە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش؛ ژورنالنىڭ بەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مەخسۇس تېمىلار بويىچە سەھىپە ئېچىش؛ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، خىزمەت ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە كۈچەيتىش، باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە، ۋەكىللەر ئۆز تەجرىبىلىرىنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئالماشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشىلىشى ئۈچۈن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى.

يىغىن داۋامىدا، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش لى شۆكۈن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ۋە تەھرىرلىك خىزمىتىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تېمىدا دوكلات قىلدى. ئۇ ئۆز دوكلاتىدا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان پەن تەتقىقات تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ژورناللارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چىقىرىلىدىغان ژورناللارنىڭ سانى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك، بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، پەن تەتقىقات سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ بەك ئاز بولۇپ قالسا، پەن تەتقىقاتنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز بولۇپ قالىدۇ. ئالدىنقى بىر خىل خاھىشقا قارىتا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژورناللارنى مۇۋاپىق تەڭشىگەن. يولداش لى شۆكۈن ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەر قايسى

تارماقلىرىنىڭ رولى، يەنى ئۇلارنى قانداق قىلىپ رىياللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىپ، بۇ مەسىلىنى ئىجتىمائى پەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت ئىزاھلىدى. ژورناللارنىڭ سۈپىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش توغرىسىدا توختالغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت داۋا-مىدا ھىس قىلغان تەسىراتلىرىغا ئاساسەن، بەزى قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. دوكلادىنىڭ ئاخىرىدا، يولداش لى شۆكۈن جايلاردىن كەلگەن تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، ئىلىم تەرەققىياتىنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى ئىگەللەپ تۇرۇشىنى، گەرچە بىخ ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن بولغان مەسىلىلەرنى ئېنىق بايقاپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىلمىي كەيپىياتىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن يول ئاچقۇچى بولۇپ، ئىجتىمائى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىت قىلدى.

« تارىخ تەتقىقاتى » ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى يولداش تيەنجۇ-جيەن « تارىخ تەتقىقاتى » ژورنىلى تەسىس قىلىنغان 32 يىلدىن بۇيانقى تەجرى-بىلەر ئاساسىدا، كۆپچىلىككە تەھرىرلىك خىزمىتىنى قانداق كۈچەيتىش ۋە مۇھەر-رىر خادىملارنىڭ سۈپىتىنى قانداق قىلىپ ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى بەزى تەسىرات-لىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى؛ يولداش تيەنجۇجيەن يەنە « تارىخ تەتقىقاتى » تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ قىيىن ئەھ-ۋالغا چۈشۈپ قالغان ئاپتورلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئاپتورلار قوشۇنىنى يېتىش-تۈرۈش ۋە تەشكىللەش قاتارلىق جەھەتلەردە قانداق چارە-تەدبىرلەرنى قوللان-غانلىقىنىمۇ جانلىق مىساللار بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى؛ ئۇ يەنە مىللەتلەر تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن ئاياقلىشىش ۋاقتىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش فېڭداجېن يىغىنغا كېلىپ، جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرنى يوقلىدى، ئىجتىمائى پەن سېپىدىكى نامسىز قەھرىمانلار — ژورنال تەھرىر خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا سەمىمى ھۆرمەت بىلدۈردى ھەمدە ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى ۋە ژورنال تەھرىرلىكى، ژورناللارنى تارقىتىش جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھىم سۆز قىلدى.

ئىككى قېتىملىق يىغىن ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، ۋەكىللەر بىردەك: مۇشۇنداق تەجرىبە ئالماشتۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ھەققىدە ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەن. دېگەن تونۇشقا كەلدى ھەمدە ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، بۇ يىغىننىڭ ئەھۋالىنى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورگانلارغا دوكلات قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك قوللىشىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋەكىللەر مەسلىھەتلىشىپ، كېلەر قېتىمقى يىغىننى 1987 - يىلى گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى ھەمدە كېلەر قېتىمقى يىغىننى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئوبدان ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە پىكىر ئالماشتۇردى.

1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

胡

1



يېڭىدىن سېلىنغان ئاپتونوم
رايونلۇق مۇھاجىرلار بىناسىنىڭ
سىرتقى كۆرۈنۈشى.



ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي
كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان
بىرلەشمە خىزمەت بىناسىنىڭ
سىرتقى كۆرۈنۈشى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学




تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى تەھرىر بۆلۈمى

(ئۈرۈمچى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى 37937)

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ.

(مەملىكەت ئىچىدە ئوچۇق تارقىتىلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى №302

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 58 — 81.

---

باھاسى: 0.60 يۈەن